ئومۇمىي 15-سان

2020 ئۆكتەبىر - نويابىر




# ئۇيغۇرلار

# The Uyghurs


ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



مەخپىي ئۇرۇش

1



ئىززەت بىگوۋىچ

28



جوشۇئا فرىيمەن

40

2020 ئۆكتەبىر -نويابىر
ئومۇمىي 15-سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئومۇمىي ژورنال

**ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمقى دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.**

باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت
مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئۆتكۈر ئالماس

**چىقارغۇچى ئورۇن :**
ئۇيغۇر پروجېكتى فوندى (UPF)
www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:
ئۇيغۇر پروجېكتى فوندىغا تەۋە.
**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**



# مۇندەرىجە

## مىسلىسىز ئۇيغىنىش

ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تورىدىن قورقۇشنى يېڭىشنىڭ ئون خىل ئۇسۇلى 43

مالكولم ئېكس

ئېدىگار شىيننىڭ كەسپىكە باغلىنىش رامكىسى 62

## خىتاي تەتقىقاتى

مەخپىي ئۇرۇش

## كۆلىستان

جوشۇئا فرىيمەن 40

## كۆپكۆندىكى ئۇيغۇرلار

فىنلاندىيە تاتارلىرى 75

**مۇقاۋىدىكى رەسىملەرنى ۋىنېرا ۋاجىتوۋا سىزغان**













## خەلقئارا ۋەزىيەت

بايدىن دەۋرىدىكى ئامېرىكا خىتايغا يۇمشىمايدۇ 33

ئامېرىكا پرېزىدېنت سايلىمىنىڭ 10 رەقەم ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلۈشى 36

سايلىغۇچىلار ھەيئىتىنىڭ سايلام بېلىتى قانداق پرىنسىپقا ئاساسلانغان؟ 58

## مەدەنىيەتىمىزدە ئىسلام

ئىززەت ئەلى بىگوۋىچ

## بۈيۈك سىمالار


ئەللامە ئالائىددىن خوتەنى 50

ئۆلگىلىك بىر جەمەتنىڭ ئەسىرلىك قان-ياشلىق كۆرەشلىرى ۋە قىسمەتلىرى

## تارىخ ۋە بىز

مەتبەئە تېخنىكىسىنى ئۇيغۇرلار كەشپ قىلغان 70

خىتاي تەتقىقاتى




# مەخپىي ئۇرۇش

## روبېرت سپالدىڭ

# ئىككىنچى باب: قانداقلارچە بۇ ھالغا كېلىپ قالدۇق

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئامېرىكاغا ۋە باشقا غەرب دۆلەتلىرىگە قارشى قوزغىغان مەخپىي ئۇرۇشنىڭ كۆلەم جەھەتتىكى چوڭلۇقى ۋە مۇرەككەپلىكى گېزىتلەردىكى خەۋەرلەرنى ئىز قوغلاپ كۆزىتىپ تۇرىدىغان كۆزەتكۈچىلەرمۇ ئاڭقىرالمايدىغان دەرىجىدە مىسلىسىزدۇر. خىتاينىڭ مەخپىي ئۇرۇشى ئايلاردىن بۇيان، ياكى يىللاردىن بۇيان ئەمەس، ئەسىرلەردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلدى. بىزنىڭ بۈگۈن بىلىپ يەتكىنىمىزدەك، خىتايلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي نۇقتىئىنەزەر، ئىستراتېگىيىلىك مەدەنىيەت، شۇنداقلا سىياسىي پەلسەپە جەھەتتىكى كۆز قاراشلىرىنى تاۋلاپ كەلگىنىگە ئامېرىكادىنمۇ، ھەتتا غەربتىنمۇ ئۇزاق ۋاقىت بولدى. ئەگەر بىز ئۆزىمىزنىڭ خىتاي بىلەن بولغان پەرقلىرىمىزگە سەل قاراپ كېتىۋەرسەك — بۇ پەرقنىڭ يىلتىزى خىتاينىڭ مەخپىي ئۇرۇشىدۇر، ئۇ ھالدا بىزنىڭ مەغلۇبىيىتىمىز داۋاملىشىدۇ.

غەربنىڭ دېموكراتىيە سىستېمىسى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئاساس قىلغان. غەربتە رەھبەرلەر قانۇن تۈزۈشى ۋە ئىجرا قىلىشى ئۈچۈن خەلق تەرىپىدىن سايلىنىدۇ. ھۆكۈمەت تارماقلىرى قانۇن تۈزىدۇ، قانۇننى ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ ۋە ئىجرا قىلىدۇ. غەربتە قانۇننىڭ كۈچى ھەممىدىن ئۈستۈن. چەكلەش خاراكتېرىگە ئىگە ئورگانلار ۋە نازارەت قىلىش ئورگانلىرى ئارقىلىق خەلقنىڭ قانۇنغا رىئايە قىلىشى ئىشقا ئاشۇرىلىدۇ.

خىتايدا قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش مەۋجۇت. ئامېرىكادا كىشىلەر قانۇنىي تەرتىپلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە قوغدىيالايدۇ. ھۆكۈمەتنىڭمۇ قانۇنغا رىئايە قىلىش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ. ئامېرىكادا قانۇن تۈزۈش، قانۇن ئىجرا قىلىش ۋە قانۇن ـ نىزاملارغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش قەدەم باسقۇچلىرى تولىمۇ زىل ـ ئىنچىكە نىزاملار ئاستىدا يۈرۈشىدۇ. بىراق، خىتاي بىزگە ئوخشىمايدۇ. خىتايدا قانۇننى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى تۈزىدۇ، خىتاي خەلقى قانۇنغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. قانۇن ئۇلارنى باشقۇرىدۇ. قانۇندا مەسىلە بولسا، خىتاي خەلقى بۇنى ھېچيەرگە شىكايەت قىلالمايدۇ. قانۇننى كوممۇنىستىك پارتىيىسى تۈزىدۇ، خەلق قانۇنغا سوئال قويالمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن، خىتايدا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىنمۇ كۈچلۈك ھېچقانداق نەرسە مەۋجۇت ئەمەس.

ئۇنداقتا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى قايسى پرىنسىپ بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ؟ بۇ بيۇروكرات گەۋدە قايسى خىل مودېلنى ئاساس قىلغان؟ بىر دۆلەت قانداقسىگە بۇنچىۋالا ئۇزۇن مەزگىللىك پىلان تۈزۈپ، شۇ يولنى بويلاپ ھەرىكەت قىلالايدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابىنى خىتاينىڭ

تارىخىدىن، ئىستراتېگىيە مەدەنىيىتىدىن، ئۇنىڭ هوقۇق ۋە رىقابەتكە بولغان كۆز قارىشىدىن تاپىمىز.

خىتاينىڭ ئىستراتېگىيە مەدەنىيىتى كۇڭزى ئىدىيىسىنىڭ تەبىقە تۈزۈمى، مۇرەسسەلىشىش، مەسئۇلىيەت قاتارلىق ئېلېمېنتلىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن، شۇنداقلا، هوقۇق، بايلىق ۋە تەسىرگە قانداق ئىگە بولۇش ھەققىدىكى ماددىچىلىق كۆز قارىشىغا قوشۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، بۇ مەدەنىيەت ئىستراتېگىيىسى ۋاقىتنى گۇللىنىش ۋە خاراب بولۇش ئېچىدىكى جانلىق ئامىل دەپ قارايدۇ. كۆپچىلىككە پايدىلىق ئىشلارنى قوغلىشىش، ئاز سانلىقنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلىشىپ يۈرمەسلىك كېرەك دەپ قارايدۇ. ھەربىي كۈچنى ئىشقا سېلىش ھەرگىزمۇ مەقسەتكە يېتىشتىكى ۋاستە ئەمەس، مۇقەررەر ۋاستىدۇر. ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت، بايلىق رىقابىتى، ئۇچۇر-ئاخباراتنى ئىشقا سېلىش قاتارلىقلار تەسىر كۈچ بەرپا قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ. تەسىر كۈچ ئەمەلىي كۈچنىڭ كەينىدىلا تۇرىدىغان ئەڭ ياخشى سەرمايە ھېسابلىنىدۇ.

خىتاي ئىمپېرىيە قۇرۇشتا بەش مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە. بۇ جەرياندا بىر ئىمپېرىيە باش كۆتۈرۈپ، يەنە بىر ئېمپىرىيە چۆككەن. بۇ ئىمپېرىيەلەرنىڭ بەزىلىرى تارىختا كۈچلۈك تەسىر قالدۇرغان، ئەسلىدىنلا مۇرەككەپ، كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە بولغان، شۇنداقلا كۈچلۈك جەمئىيەتلەرنى بەرپا قىلىپ قالدۇرغان. تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 770-يىللىرى خىتاينىڭ ئالتۇن دەۋرى ئاخىرلىشىپ، چۇنچيۇ دەۋرىگە قەدەم قويغان، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يېغىلىق دەۋرى باشلانغان. ھەر خىل ھۆكۈمدارلار ۋە ئارمىيىلەر ھىيلە مىكىرگە تولغان، مۇرەككەپ ئىتتىپاقداشلىق، مەخپىي ۋەزىپىلەر، رەھىمسىزلەرچە ئاسىيلىقلار قاتارلىقلار ۋۇجۇدقا چىققان ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسى كۈچ ۋە كونتروللىنى كۈچەيتىش نامى ئاستىدا يۈرگۈزۈلگەن. بۇلار «شاھلىق تەختى ئويۇنى» (Game of Thrones) ناملىق ئەسەردىكىگە ئوخشايدىغان رېئال ھادىسىلەردۇر.

چۇنچيۇ دەۋرىدە كۇڭزى خىتاي مەدەنىيىتىگە ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. ئوقۇتقۇچى، سوتچى ۋە ئەدلىيە ۋەزىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان كۇڭزى مائارىپ مىسلىسىز كۈچكە ئىگە، ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەجبۇرىيىتى بار دەپ قارىغان.

يېغىلىق دەۋرىدىكى سىياسىي ۋەقەلەر غەربتە «ئۇرۇش سەنئىتى» (Art of War) دەپ ئاتالغان، خىتايغا نىسبەتەن ناھايىتى مەشھۇر بولغان «孙子兵法» (سۈنزىنىڭ ھەربىي دەستۇرى) ناملىق كىتابنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى پايدىلىق شارائىتلار بىلەن تەمىنلىگەن. بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى (ئۆز زامانىسىدىكى) ھەربىي ئىستراتېگىيىچى سۈنزى دېگەن خىتايدۇر. دۇنيادىكى سانسىزلىغان ھەربىي خادىملار بۇ كىتابنى ئۆگەنگەن. بۇ كىتابنى ئۆگەنگەنلەر ھەربىي خادىملار بىلەنلا چەكلەنمەستىن، يەنە دىپلوماتلار، پەيلاسوپلار ۋە سودىگەرلەرمۇ بۇ كىتابتىن پايدىلانغان. بۇ ھال سۈنزىنىڭ بۇ كىتابنىڭ ئادەتتىكى كىتابلاردىن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. گەرچە بۇ ئۇرۇش توغرىسىدىكى ئەسەر بولسىمۇ، بىراق ئەسەر ئۇرۇش قىلماي تۇرۇپ

دۆلەتنى قانداق كۈچلەندۈرۈش توغرۇلۇق كۆپ توختالغان. سۈنزىنىڭ بۇ كىتابقا يوشۇرۇنغان غەرىزى بولسا ختاي جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى كەسكىن رىقابەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىپ، بۇنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، جەڭگە كىرمەستىنلا مەقسىتىگە يېتىشتىن ئىبارەت.

مۇشۇ ئاساس بويىچە قارىغاندا، سۈنزى ئۆز ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن ئىككى مىڭ يىل كېيىن، ئۇرۇش قىلماي تۇرۇپ دۆلەتنىڭ غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىشى ھەيران قالارلىقمۇ يوق؟

## جەڭ باشلاندى

ماۋزېدۇڭ ختايدىكى ئىچكى ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، 1949 ـ يىلى ھوقۇقتا ئولتۇرۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغاندىن كېيىن، «يۈز يىللىق مارافون» پىلانى تۈزۈلدى. بۇ پىلان ختاينى دۇنيادىكى ئۇلۇغ ئىمپېرىيىلىك ئورنىغا ئېلىپ چىقىشنى مەقسەت قىلغان شۇم نىيەت پىلان ئىدى. بۇ پىلاندىن سىرت، ماۋزېدۇڭ ۋە نامرات ختاينىڭ يەنە بىر كۈچلۈك خاھىشى بولۇپ، بۇ خاھىش ئۇلارنى مۇشۇ يۆنىلىشكە يېتەكلىدى. ئۇ دەل نۆۋەتتىكى دۇنيا تەرتىپىدىن ئۆچ ئېلىش ئارزۇسىدۇر. ماۋزېدۇڭ ئۆتكەن يۈز يىلدا ختاينىڭ بېشىغا كەلگەن ئادالەتسىزلىكلەر «يۈز يىللىق ھاقارەت» ھېسابلىناتتى. ئەپيۇن ئۇرۇشى، ئەنگىلىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ختاينىڭ پورتلىرىنى ۋەيران قىلىشى، چىڭ خاندانلىقىنىڭ 1912 ـ يىلى ھالاك بولۇشى، ياپونىيەنىڭ جەنۇبىي كورىيە ۋە مانجۇرىيەنى بېسىۋېلىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يۈز يىللىق ھاقارەتنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى. ختاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ختاي خەلقىدە مۇشۇ ھاقارەتلەرگە بولغان نارازىلىق كەيپىياتىنى شەكىللەندۈردى، بۇ ھاقارەتنى داۋالىغىلى بولمايدىغان جاراھەت دەپ تەسۋىرلەپ، مۇشۇ كۆز قاراشنى يەسلىدىن تارتىپ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغىچە بولغان ھەممەيلەننىڭ كاللىسىغا قۇيۇۋەتتى.

يۈز يىللىق مارافوننىڭ باشلىنىشى ئاسان بولمىدى. ختاي كۆپ جاپا ـ مۇشەققەتلەر ئىچىدە بەكمۇ ئاستا تەرەققىي قىلىۋاتاتتى. ختاي تەبئىي بايلىقلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمى چەكلىك بولغان بيۇروكرات قېرىندىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنى دوست تۇتتى. ماۋزېدۇڭ 1958 ـ يىلى دېھقانچىلىق بىلەن مەشغۇل ختاينى سانائەت دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇش غەرىزىدە «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ھەرىكىتىنى قوزغىدى. بىراق، قۇرغاقچىلىق، ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمىنىڭ تۆۋەن بولۇشى ۋە خاتا پىلانلاش سەۋەبلىك، بۇ ھەرىكەت تۆت يىلغا سوزۇلغان ئاچارچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، مىليونلىغان ئىنساننىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولدى.

ماۋزېدۇڭ 1966 ـ يىلى ئەنئەنىۋىي ختاي جەمئىيىتىنىڭ ۋە كاپىتالىزمنىڭ زەھەرلىك قالدۇقلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلاش مەقسىتىدە ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نى (Cultural Revolution) قوزغاپ، بىر قاتار رەھىمسىز تازىلاشلارنى ئېلىپ باردى. ئوقۇتقۇچىلار، سودىگەرلەر، زىيالىيلار، دىنىي زاتلار ۋە دۆلەت مەمۇرلىرى تۈرمىلەرگە تاشلاندى ياكى قايتا

تەربىيىلەش لاگېرلىرىغا ئەۋەتىۋېتىلدى. خەلقلەر تەنقىد كۈرەشكە تۇتۇلۇپ، ئەل ـ جامائەت ئالدىدا شەرمەندىلەشتۈرۈلدى. خەلقنىڭ مال ـ مۈلكى مۇسادىرە ۋە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىندى. كىشىلەر مەجبۇرىي ھالدا باشقا يۇرتلارغا سۈرگۈن قىلىندى. قىيىن ـ قىستاق، ئۆلۈم جازاسى، ھەتتا كەڭ كۆلەملىك قەتلىئاملار يۈرگۈزۈلۈپ، مىليونلىغان كىشى جېنىدىن جۇدا بولدى.

مەدەنىيەت ئىنقىلابى تېررورى تەرتىپسىز ۋە ئاساسى ئاجىز بيۇروكرات كوممۇنىست ھۆكۈمىتىنىڭ ئىپادىسى. بىراق، ئامېرىكالىقلارنىڭ بۇنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ يېتىشى قىيىن. بۇ دەۋردىكى داۋالغۇش ھەممەيلەنگە تەسىر كۆرسەتتى. بۇ ھەقتە خىتاي ئۆكتىچىسى ۋە ژۇرنالىست ساشا گوڭنىڭ ئۇنتۇلغىسىز ئەسلىمىسى بار. ئەينى چاغدا ئۇ بىر كىچىك قىزچاق بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە قولۇم ـ قوشنىلىرى ئېلىپ كېتىلگەندە ئۇ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن گۇۋاڭجۇدىكى قىرىق يۇرۇشلۇك بىر قورۇدا تۇراتتى. «بىر چاغلاردا بىزنىڭ قورۇدا قورامىغا يەتكەنلەردىن پەقەت بىر كىشىلا قالغان بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسىز قالغان باللار ۋە ئۆسمۈرلەر بىلەن بىللە ياشىغان ئىدى» دەپ ئەسلىمىسىنى بايان قىلدى ساشا.

1950 ـ، 1960 ـ يىللاردا خىتاي مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىكى پاسسىپ شېرىك بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدەك دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتكە سېلىشتۇرغاندا ئۆزىنى زىيانسىز ۋە قالاق دۆلەت قىلىپ كۆرسەتتى. خىتاي گەرچە كورىيە ۋە ۋېيتنام ئۇرۇشىدا كوممۇنىستىك كۈچلەرنى قوللىغان بولسىمۇ، بىراق خىتاي ئوچۇق ئاشكارا كېڭەيمىچىلىك ۋە ئېمپېرىيالىزىملىق ئارزۇسىنى تام قوشنىلىرى بىلەنلا چەكلىدى. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كېڭەيمىچىلىكى كۆپ ئۈستۈن ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئانگولا، ئېفىئوپىيە، سومالى قاتارلىق ئافرىقا دۆلەتلىرىنى ئەسكەر ۋە ھەربىي ياردەم قاتارلىقلار بىلەن قول تىقتى. كۇبادا كاسترو ھۆكۈمىتىنى قوللىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە خىتاينى پۇل ۋە مائارىپ ياردىمى بىلەن تەمىنلىدى.

ماۋزېدۇڭ ۋە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بوكس چېمپىيونى مۇھەممەد ئەلىنىڭ بوكسچىلىق ئۈچۈن ئىشلەتكەن ئاتالغۇسى بويىچە ئېيتقاندا «ئاكتىپ ھۇجۇمدىن ساقلىنىپ، رەقىبىنىڭ كۈچىنى خورىتىپ، پەيتى كەلگەندە شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈش» دەپ تەسۋىرلەش مۇمكىن. ماۋزېدۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىراقتىكى نامرات كوممۇنىست ئۇكىسى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، سوۋېتى ئىتتىپاقىنىڭ سانائەت ۋە ھەربىي مەخپىيەتلىكىنى قولغا چۈشۈرۈپ، بىر تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ياردىمىگە ئېرىشىپ، بىر تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچىنى خوراتتى. سوۋېتى ئىتتىپاقى ئۇ دەۋرلەردە ئامېرىكاغا قارشى كۆپلىگەن سوغۇق ئۇرۇش ئالدىنقى فرونتلىرىدا كۈرەش قىلغان. خىتاينىڭ ھەرىكەتلىرى شەرقىي فرونتنىڭ چۆكۈشىگە ياردەم بەرگەن.

## تۇنجى قەدەم

1970 ـ يىلى خىتاي رۇسىيە چېگرىسىغا يېقىن جايىدا ئىككى دانە ۋوردرود بومبىسىنى پارتلىتىپ، ئارقىدىن پرېزىدېنت رىچارد نىكسونغا ئۇنىڭ خىتاينى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىپ مەكتۇپ يوللىدى. بۇ ھال ئامېرىكاغا نىسبەتەن بىر مەنىلىك باشلىنىشتىن دېرەك بېرەتتى. نىكسون ۋە ئۇنىڭ دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ھېنرى كىسسنجېر خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىش پۇرسىتى كەلگەنلىكىنى، بۇ ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تېخىمۇ ئۇلىنى تەۋرەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنى تېخىمۇ يالغۇز قويغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتى.

ۋاشىڭتوندىكى ئىستراتېگىيە رەھبەرلىرى خىتاينىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك قىلتاق قۇرغانلىقىنى ئەسلا ھېس قىلىپ يېتەلمىگەن ئىدى. تېخنولوگىيە ۋە ئىقتىساد جەھەتتە غەربتىن كۆرۈنەرلىك ئارقىدا قالغان سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئېلىشقا تېگىشلىك ھەممە نەرسىنى ئېلىپ بولغان ماۋزېدۇڭ ۋە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەمدىلىكتە يېڭى خوجايىندىن بىرىنىڭ قولتۇقىغا كىرىشكە موھتاج ئىدى.

خىتاي تەرەپ ئاشۇ يېڭى خوجايىننى تاپقان ئىدى.

يانچۇقى توم، يەر شارىدىكى ئەڭ ئەۋزەل تەتقىقات ۋە لاھىيىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە، ئەڭ ئىلغار تېخنولوگىيەلەر بىلەن قوراللانغان، شۇنداقلا دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ئارمىيەگە ئىگە بولغان بۇ خوجايىن دەل ئامېرىكا ئىدى.

خىتاينى كۆزەتكۈچى مايكېل پىلزبېرى «يۈز يىللىق ماراپون» (The Hundred ـ Year Marathon) ناملىق كىتابىدا ماۋزېدۇڭنىڭ گەرچە ئامېرىكىغا قۇچاق ئاچقان بولسىمۇ، ئەمما كۆڭلىدە ئامېرىكانى دۈشمەن دەپ قارىغانلىقىنى ئېچىپ بەرگەن ئىدى. خىتاينىڭ كۆپلىگەن ھۆججەتلىرىدىمۇ ئوخشاشلا خىتاينىڭ ئامېرىكانى ھېتلېر بىلەن سېلىشتۇرما قىلغانلىقى كۆزگە چېلىقىدۇ. پىلزبېرى يەنە ئەينى چاغدىكى خىتاي باش مىنىستىرى جۇئېنلەينىڭ كىسسنجېر بىلەن كۆرۈشكەندە «ئامېرىكا زومىگەردۇر» (美国是霸) دېگەنلىكىنى، ئەمما تەرجىمان جۇئېنلەينىڭ سۆزىنى ئۇدۇل تەرجىمە قىلماستىن، ئۇنىڭ سۆزىنى «ئامېرىكا رەھبەردۇر» دەپ تەرجىمە قىلغانلىقىنى بايان قىلىنىدۇ. بىراق، بۇ قەستەنلىك بىلەن قىلىنغان خاتا تەرجىمە بولۇپ، «霸» (ba) سۆزى خىتاي سىياسىي ساھەسىدە «زوراۋان ھۆكۈمران» دېگەن مەنىگە ئىگە. كېيىنكى چاغلاردا تەرجىماندىن نېمىشقا جوۋنىڭ سۆزىنى يۇمشىتىپ تەرجىمە قىلغانلىقى سورالغاندا، تەرجىمان «ئۆز پېتى تەرجىمە قىلىش كىسسنجېرنى غەزەپلەندۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن» يۇمشىتىپ تەرجىمە قىلغانلىقىنى بايان قىلغان.

جوۋنىڭ سۆزى ئەسلى پېتى تەرجىمە قىلىنغىنىدا، بۇ سۆز كىسسنجېرنى ھەيران قالدۇرغان ۋە ئۇنىڭغا ئەقىل ئاتا قىلالار بولغۇيتتى. ئەمما، ئامېرىكا خىتاينىڭ ئۆزىگە بولغان دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىدىن خەۋەرسىز ھالدا خىتايغا ياردەم بېرىش ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇقىملىقىنى بۇزۇش سىياسىتى يۈرگۈزدى.

خىتاي ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىشلەتكەن ھۈنىرىنى ئامېرىكاغىمۇ ئىشلىتىپ، ئۆزىنى ئامېرىكاغا يارىماس دۆلەت قىلىپ كۆرسەتتى. ئەمەلىيەتتە، خىتاي بۇ خىل رولنى ئېلىش ئۈچۈن ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمىدى. ھالبۇكى، خىتاي غەربنىڭ كۆنىمىزدە ئېيتىۋاتقىنىدەك «تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت» بولۇپ، خىتايدا نامراتلىق ئېغىر، سانائەت تېخنولوگىيىسى يوق دېيەرلىك، ئالىي مائارىپ تەربىيىسى چەكلىك، شۇنداقلا زور كۆلەملىك تۆۋەن مائاشلىق ئىشچىلار قوشۇنىغا نىسبەتەن بايلىق مەنبەلىرى كەمچىل بىر دۆلەت ئىدى. خىتاي بۈگۈنمۇ ئۆزىنى «تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت» دەپ سۆپەتلەيدۇ.

خىتاينىڭ بيۇروكرات، بىر پارتىيىلىك تۈزۈمىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىشتا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان خاتىرىلىرى بولۇشىغا قارىماي، نىكسون، كىسسىنجىر ۋە باشقا كۆپلىگەن ئامېرىكا رەھبەرلىرى نېمە ئۈچۈن خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئاسانلا ئالدىنىپ، خىتاي بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىشنىڭ ھېچ زىيىنى يوق دەپ قارىۋالدۇ؟ ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىش تەس ئەمەس. 1970 ـ يىللىرى خىتاي رەھبەرلىرى ئامېرىكا دىپلوماتلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى چەكلەپ، ئامېرىكانىڭ دۇنيادا تېخىمۇ زور ئەمەلىي كۈچكە ئىگە بولىشىغا ھەمدەم بولالايدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىشقان. ئەلۋەتتە، پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە بىر مىليارد خىتاي خەلقىگە ئامېرىكا ماللىرىنى سېتىش چۈشىمۇ كىشىنى جەلپ قىلىدىغان بىر ئىش ئىدى.

## كاپىتالىستىك خام خىيالنىڭ خەتىرى

يەنە بىر مۇھىم ئامىل، ئامېرىكا رەھبەرلىرىنىڭ قانداقسىگە «خىتاي بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئارقىلىق بېيجىڭدا سىياسىي ئىسلاھاتنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ» دەپ قارىۋالدىغانلىقىنى چۈشىنىشتۇر. بىز ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ياۋروپانىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈشىگە ياردەم بەردۇق ۋە بۇ جەھەتتە ناھايىتى ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. بىز تەيۋەننىڭ دېموكراتىيەلىشىشىگە ياردەم بەردۇق. بىز يەنە ياپونىيەگە، جەنۇبىي كورىيەگە ياردەم قىلدۇق. شۇنداقلا، سوغۇق ئۇرۇشتىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر پارچىسى بولغان پولشا، چېخ قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ دېموكراتلىششىغا ياردەم قىلدۇق.

مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئامېرىكادىكى سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەر ۋە مەبلەغ سالغۇچىلار كاپىتالىزىم مۇستەبىتلىك ۋە بيۇروكراتلىقنى ئېرىتىپ تاشلايدىغان ئالاھىدە كۈچكە ئىگە دەپ ئويلىۋېلىشقا خۇشتار. ھالبۇكى، تارىختا ۋە كۈنىمىزدە يۈز بەرگەن ۋەقە ـ ھادىسىلەر بىزگە بۇ خىل ئويىنىڭ خام خىيال ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرمەكتە.

بىز ئىراق بىلەن ئافغانىستاننىڭ ئۆزى ـ ئۆزىگە خوجا دېموكراتىك دۆلەتلەردىن بولۇشى ئۈچۈن مىليارتلاپ دوللار سەرپ قىلدۇق. مىسىر، ئۇگاندا ۋە باشقا مۇستەبىتلىككە مايىل دۆلەتلەر ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي ياردەم جەھەتتە

ئامېرىكىنىڭ مىليارتلاپ ياردىمىگە ئېرىشكەن تۇرۇقلۇق، يەنىلا دېموكراتىك دۆلەتلەردىن بولالمىدى. ئوتتۇرا شەرق، ئافرىقا، شۇنداقلا لاتىن ئامېرىكاسى قاتارلىق رايونلاردىمۇ ئوخشاش ئەھۋال يۈز بەردى.

دېڭ شياۋپىڭ 1978 ـ يىلى ھوقۇقنى ئولتۇرغاندا، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۆزىنىڭ سودا ۋە كاپىتالىزمغا بولغان پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتتى. خىتاي شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چەتئەل مەبلىغىنى قوبۇل قىلىشقا ۋە يەر شارى بازىرىغا كىرىشكە باشلىدى. بىراق، بۇ جەھەتلەردە ئۆز ئۆلچىمىنى قوللاندى. چەتئەلنىڭ مەبلىغى خىتايغا كەلسە بولاتتى، ئەمما، خىتايغا كەلگەن چەتئەل مەبلىغى خىتايدىن ئايرىلماسلىقى كېرەك ئىدى، چەتئەل كارخانىلىرى خىتايدا ئېرىشكەن پايدىسىنى ئىنتايىن زور جاپا ـ مۇشەققەتلىك جەريانلار ئارقىلىقلا خىتايدىن ملىڭ تەستە ئېلىپ چىقىپ كېتەلەيتتى. خىتاي يەنە ئۆز خەلقىنىڭ شىركەت، كارخانىلارنى قۇرۇپ تىجارەت قىلىشىغا، پۇل تېپىشىغا، ماۋزېدۇڭچە شەپكىنىڭ ئورنىغا كالتەك توپ شەپكىسى كىيىشكە يول قويدى. بىراق، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە بيۇروكرات دۆلەت ئۇسلۇبىدا دۆلەت ئىچىدىكى ھەر ـ بىر ئىشنى قاتتىق كونترول قىلدى. خىتايدا پەقەت خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن ئىبارەت بىرلا پارتىيە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ كەلدى. بۇ پارتىيە خىتايدىكى ھاياتلىقنىڭ ھەممىلا ساھەسىنى كونترول قىلىپ، سۆز ئەركىنلىكىگە ۋە دىنىي ئەركىنلىككە يول قويمىدى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىمۇ ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ ئارمىيىسى بولماستىن، بەلكى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەلدى. خىتايدىكى كارخانىلار بۇ ھەقتىكى قانۇننىڭ تەلىپى نەتىجىسىدە، بىردەك ھالدا مۇدىرىيەت يىغىنىدىكى بىر ئورۇننى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزاسى ئىگىلىشى كېرەكلىكى شەرت قىلىندى.

1989 ـ يىلى مايدا، كۆپچىلىك خىتاي خەلقى نىڭ دېموكراتىك ئىسلاھاتقا بولغان ئىنتىزارلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئۈمىد نۇرى جۇلالاندى. ئۈچ ھەپتە ئىچىدە ئوقۇغۇچىلار، ئىشچىلار، كىشىلىك ھوقۇق لېدىرلىرى قاتارلىقلاردىن تەشكىللەنگەن بىر مىليون ئەتراپىدىكى خىتاي ئامىسى بېيجىڭدىكى تيەنئەنمېن مەيدانىدا دېموكراتىيە ئۈچۈن نامايىش قىلدى. تۆتىنچى ئىيۇن خىتاي ئارمىيىسى نامايىشچىلارنى باستۇرۇپ، قانلىق قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى. جېنىدىن جۇدا بولغان نامايىشچىلارنىڭ سانى ھەققىدىكى خەۋەرلەر ھەرخىل بولۇپ، خىتاينىڭ ئۆز بايانىدا ئۆلگەنلەر سانى يۈز، ئەنگلىيە دېپلوماتىيە تېلگراممىسىدا ئۆلگەنلەرنىڭ سانى ئون مىڭ دېيىلگەن. تۇتقۇن قىلىنغانلارنىڭ ئون مىڭ ئەتراپىدا ئىكەنلىكى مۆلچەرلەنگەن.

1989 ـ يىلى، بەشىنچى ئىيۇن كۈنى تيەنئەنمېن مەيدانىدا يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرىلىرىدىكى ئەڭ يارقىن بىر كۆرۈنۈش ئوتتۇرىغا چىقتى. بىر ئەر ئىككى قولىدا بىردىن مال سېتىۋېلىش خالتىسى كۆتۈرگىنىچە ئۆزىگە قاراپ يېقىنلاپ كېلىۋاتقان خىتاي ئارمىيىسىنىڭ تانكىلىرىنىڭ يولىنى توسۇپ يالغۇز تۇردى. تانكىلارنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋالغان بۇ كىشىنىڭ سالاھىيىتى تېخىچە سىر ھالىتىدە. گەرچە، ئەينى

چاغدا پۈتۈن دۇنيادىكى مىليونلىغان كىشى بۇ كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ تۇرغان بولسىمۇ، بىراق كۆپ سانلىق خىتاي خەلقى بۇنداق بىر قەھرىمانلارچە ۋەقەنىڭ خىتايدا يۈز بەرگىنىدىن تامامەن خەۋەرسىز. چۈنكى، خىتايدا بۇ كۆرۈنۈشلا چەكلەنگەن بولماستىن، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق گەپ-سۆزلەرمۇ ئاپتوماتىك سۈزگۈچلەر ۋە مىڭلىغان ئاممىۋى مېدىيا چويلىلىرى تەرىپىدىن سۈزۈپ قېلىنىدۇ.

تيەنئەنمېن ۋەقەسىدىن بىر ئاي كېيىن، خەلقئارادا كىشىنى ئەنسىزلىككە سالىدىغان بىر كۆرۈنۈش ھەممىلا يەرنى قاپلىدى. ئۇ بولسىمۇ ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكى مەسلىھەتچىسى برېنت سكوۋكروفت (Brent Scowcroft) بىلەن دېڭ شياۋپىڭنىڭ بىر-بىرىگە كۈلۈمسىرەشكىنىچە كۆرۈشۈش ئۈچۈن قىزغىنلىق بىلەن قول تەڭلىشىۋاتقان رەسىم ئىدى. برېنت سكوۋكروفت ئەينى چاغدا پرېزدېنت چوڭ بۇشنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن دېڭ شياۋپىڭ بىلەن مەخپىي سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بېيجىڭغا يېتىپ كەلگەن ئىدى. يۇقىرىقى رەسىم ۋە بۇ قاتاردىكى باشقا رەسىملەر بۇشنىڭ خىتايغا بولغان مەيدانىنىڭ يۇمشاپ، ئامېرىكانىڭ خىتاينىڭ بيۇرۇكرات ھۆكۈمرانلىقىغا يول قويىۋاتقانلىقىنى روشەن ھالدا كۆرسىتىپ بېرەتتى. ئەينى چاغدا ئامېرىكانىڭ تاشقى سىياستى خىتاي بازىرىنى ئېچىشنى نىشانلىغان بولۇپ، ئەركىن سودا خىتاينى ئەركىنلەشتۈرىدۇ دېگەن تونۇش مۇشۇ خىل سىياسەتكە سەۋەب بولغان. بۇ چاغدا ئەركىن تاپاۋەت نەزەرىيىسى كىشلەرنىڭ ئەڭ ئۈستۈن پرىنسىپىغا ئايلانغان. بۇ نەزەرىيە خىتاينىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى ئالتە مىڭ ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشقاندا، خىتايدىن ئىبارەت بۇ ئۇيقۇدىكى گىگانت مەخلۇقتا دېموكراتىيە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى.

جېيمس مەن (James Mann) «خىتاي فانتازىيىسى» (The China Fantasy) ناملىق ئەسىرىدە خىتاي دېموكراتىيەلىشىدۇ دېگەن پىكىرنى «ئۇخلىتىش سىنارىيىسى» دەپ ئاتىغان. ئۇ غەرب دۆلەتلىرىدىكى بۇ پىكىرنى «خىتاي ئىقتىسادىنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن ئېشىشى ئۇزاق مۇددەتلىك سىياسىي ئىسلاھاتنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئاقىۋەتتە، سودا گۈللىنىپ، بايلىق كۆپىيىپ، بۇ ھال خىتايغا دېموكراتىك تۈزۈمنى ئېلىپ كېلىدۇ» دېگەن جۈملىگە يىغىنچاقلىغان ئىدى.

جېيمس مەن يەنە «ئۇخلىتىش سىنارىيىسى» ئۈچۈن «قالايمىقانچىلىق سىنارىيىسى» دەپ ئاتىغان يەنە بىر پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، خىتاي ئىقتىسادىي قالايمىقانچىلىق ياكى مەلۇم تۈردىكى چوڭ كۆلەملىك ئىنقىلاپ ئارقىلىق پارچىلىنىپ كېتىدۇ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە داۋالغۇش ۋە قالايمىقانچىلىقلار يۈز بېرىدۇ دەپ قارىغان.

جېيمس مەننىڭ «خىتاي فانتازىيىسى» ناملىق بۇ ئەسىرى 2007-يىلى يېزىپ پۈتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ كىتابتىكى پىكىرلىرى دەۋردىن ھالقىپ كەتكەن. چۈنكى، ئەينى چاغدىكى خىتاي سودا ۋە ئىشلەپچىقىرىشتا پارتلاش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەۋاتقان ئىدى. ئەمما، بۇنىڭدىن ئالتە يىل بۇرۇنقى 2001-يىلى شۇ چاغدىكى ئامېرىكا پرېزدېنتى كلىنتون دۆلەت مەجلىسىنىڭ ماقۇللىقىدىن ئۆتكەن بىر قانۇن لاھىيىسىگە ئىمزا قويغان بولۇپ، بۇ قانۇن لاھىيىسىگە بىنائەن ئامېرىكا خىتاي بىلەن مەڭگۈلۈك نورمال سودىنى

داۋاملاشتۇرۇش يولىغا ماڭغان. خىتاي ئامېرىكا مۇناسىۋەتلىرى نورماللىششى بىلەنلا ئامېرىكالىق مەبلەغ سالغۇچىلار دەرھال زور ئىشەنچ بىلەن ھەرىكەتكە ئۆتتى، كارخانىچىلىق ساھەسىدىكىلەرمۇ شۇنداق قىلدى. خىتاينىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇشى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئالما شىركىتىنىڭ «ipod» نى بازارغا سېلىشى، شۇنداقلا سىفىرلىق تېخنولوگىيە مەھسۇلاتلىرىنىڭ كەينى كەينىدىن مەيدانغا چىقىشى خەلقئارادىكى مەبلەغ سېلىش دولقۇنىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خىتاينىڭ ئىقتىسادىمۇ شىددەت بىلەن ئاشتى.

گەرچە خىتاي تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، جېيمىس مەن ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان «ئۇخلىتىش سىنارىيەسى»نىڭ، ياكى «قالايمىقانچىلىق سىنارىيىسى»نىڭ ھەر ئىككىسىنى يۈز بەرمەيدۇ دەپ قارىدى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن، يۈز بېرىۋاتقان بارچە ھادىسىلەر خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىيۇرۇكراتلاشقان كاپىتالىزم ئۇسلۇبىنىڭ كۈچىيىدىغانلىقىنى كۆرسىتەتتى. بۇنىڭغا ئىشىنىش ئىشەنمەسلىك كىشىنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقىدىكى مەسىلە ئىدى.

ئۇنىڭ بۇ قارىشىنىڭ يۈز پىرسەنت توغرىلىقى ئىسپاتلاندى.

كاپىتالىنىڭ كۈچى ۋە ئەركىن سودا خىتاينى باي قىلدى. مىليونلىغان خىتاي مۇشۇ سەۋەبلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. كۆپلىگەن چەتئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلار ۋە كارخانىچىلار مىليارتلاپ پۇل تېپىۋالدى. بىراق، بۇ ھال تا بۈگۈنگىچە خىتاينى دېموكراتىيە يولىغا ماڭغۇزمىدى.

شۇنداقلا، خىتاي خەلقىنىڭ ئەركىن ياشىشىغا مۇمكىن بولمىدى. خىتايدا نەشرىيات ئەركىنلىكى ۋۇجۇدقا كەلمىدى. سۆز ئەركىنلىكى ياكى دىنىي ئەركىنلىك قولغا كەلتۈرۈلمىدى.

ھالبۇكى، ئامېرىكادىكى ۋە غەربتىكى يۇقىرىقى ئۇل-ئاساس خاراكتېرلىك ئۇقۇم-چۈشەنچىلەر خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە نىسبەتەن تەھدىت ھېسابلاندى. ھەتتا ئەھۋال شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، 2013-يىلى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى بۇ چۈشەنچىسىنى يېزىقچە پۈتۈك-دوكلاتلىرىغا كىرگۈزدى. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قىممەت قارىشى ئىلگىرى سۈرۈلگەن، «توققۇزىنچى نومۇرلۇق ھۆججەت» دەپ ئاتالغان بىر دوكلاتىدا «غەربچە ئەركىنلىك، دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق قاتارلىقلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ۋە مەڭگۈلۈك بولۇشى» خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يىلتىزىغا ئۇرۇلغان پالتا دەپ كۆرسىتىلدى. ھۆججەتتە «غەربنىڭ قانۇنىي دېموكراتىيىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىش نۆۋەتتىكى رەھبەرلىك يۇقىرى قاتلىمىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنغانلىق، ھەمدە خىتايچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ھاكىمىيەت سىستېمىسى ئاستىدىكى سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلىنى كولىغانلىق» دېيىلدى.

## سېھىرلىك ئەينەك

خىتاينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىشلەتكەن «ئاكتىپ ھۇجۇمدىن ساقلىنىپ، رەقىبىنىڭ كۈچىنى خورىتىپ، پەيتى كەلگەندە شىددەت

بىلەن ھۆجۇمغا ئۆتۈش» تاكتىكىسى ئېسىڭىزدىمۇ؟

خىتاي مۇشۇ تاكتىكىسىنى ئامېرىكاغا ئىشلىتىپ كەلدى.

خىتاي ھۆجۇمغا ئۇچرىغان ۋە ئۇنىڭغا قارشى تىركىشىۋاتقان سىياقتا كۆرۈنۈپ ئامېرىكانىڭ يادرولۇق ساھەلىرىنى ئاجىزلاتتى. بىزنىڭ ئىقتىسادىمىزنى، تېخنولوگىيەرىمىزنى، ئارمىيىمىزنى، بىزنىڭ دۇنيا سەھنىسىدىكى تەسىرىمىزنى ئاجىزلاتتى. بىز بولساق مۇشۇنداق ئاجىزلىشىشنىڭ يۈز بېرىشىگە يول قويدۇق. بىزنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي لىدىرلىرىمىز ۋە بىزنىڭ ئاچكۆزلۈكىمىز خىتاينىڭ بۇ تاكتىكىسىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلۈشىنىڭ تېزلىشىشىگە ياردەم بەردى. ھالبۇكى، بىز ئۆز بايلىقىمىزنى، پايدىمىزنى ۋە ياشاش سەۋىيەرىمىزنى ئاشۇرالايمىز دەپ ئويلىغان ئىدۇق. بىز مەلۇم جەھەتتىن شۇنداق قىلدۇق. پاي-چېك باھاسى ئۆستى. ئۆي-مۈلۈك بازىرى باشتا گۈللىنىپ، كېيىن ۋەيران بولۇپ، ئارقىدىن يەنە گۈللەندى. بىراق، نۇرغۇن جەھەتلەردە بىز پۈتۈن دۆلەت سۈپىتىدە نامراتلاشتۇق. بىزنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرىمىز قالايمىقان. نۇرغۇن شەھەرلەردە ئىشسىزلىق ۋە زەھەر ئەتكەسچىلىكى كۆپەيدى. مۇشۇ خىل ئاقىۋەتلەرگە دۇچ كەلگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى خىزمەتنى خىتايغا يۆتكەش سىياسىتىنىڭ قۇربانلىرى ئىدى.

پرېزىدېنت ترامپنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك سابىق باش ئىستراتېگىيىچىسى ستىۋ بەنون (Steve Bannon) تالاش-تارتىش قوزغىغان بىر ئىستراتېگىيىچى، گولدمەن ساكس گورۇھىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى، شۇنداقلا ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيە سابىق ئەمەلدارى ئامېرىكانىڭ تۆلىگەن بەدىلىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

رەھىمسىزلىك بىلەن راستىنى ئېيتايلى. خىتايدىكى قۇل قىلىنغانلار غەربتىكى ئىشسىزلار ئۈچۈن لوندون ۋە نيۇيورك مەبلەغ سالغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ چىقاردى. ھازىرقى ئەھۋال مۇنداق. خىتايدىكى قۇل قىلىنغانلار يېڭىچە فېئوداللىق تۈزۈم ئۈچۈن مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدۇ. بۇ سىستېمىدا ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە قاتلىمى بەك نامرات بولغاچقا، پەقەت ئەرزان ماللارنىلا سېتىۋالالايدۇ. قۇل قىلىنغان سىنىپ چوقۇم ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئىشلەپ چىقىرىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا مالنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەن ھالەتتە ساقلىغىلى بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ماللارنىڭ ھەممىسىنى قۇللار ئىشلەپچىقىرىدۇ. شۇنداق قىلىپ شىركەتنىڭ پاي ھوقۇقىنىڭ قىممىتى مۇقىم شەكىلدە ئۆسۈپ، پايدا ئېشىپ ماڭىدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ ياشاۋاتقىنى ئىنسان بالىسى ياشىشى كېرەك بولغان ھاياتلىق ئەمەس.

بەنوننىڭ سۆزلىرى تامامەن ئورۇنلۇق. بەلكىم ئۇ قۇتۇپلاشقان شەخس بولۇشى مۇمكىن. بىراق، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۇ 2019-يىلى، 5-ئاينىڭ 15-كۈنى پرېزىدېنت ترامپنىڭ خىتايغا قارشى تاموژنا بېجى ئۇرۇشى قوزغاش توغرىسىدىكى زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، ئەركىن يەرشارىلىشىش چېمپىيونى توماس فرىدمەن «مەن ستىۋنىڭ دېگەنلىرىگە پۈتۈنلەي قوشۇلىمەن» دەپ، خىتاينىڭ ئادالەتسىز سودا ئۇسلۇبىغا قارشى تۇردى. فرىدمەن بىر يىل ئاۋۋال «نيۇيورك ۋاقىت

گېزىتى»گە يازغان ماقالىسىدىمۇ تىرامپنى تىلغا ئېلىپ پرېزىدېنت تىرامپنىڭ قىلغىنىنىڭ توغرىلىقىنى، خىتاي تېخىمۇ بەك يوغىناپ كېتىشتىن ئاۋۋال بۇ خىل مەيداننى تۇتقىنىنىڭ توغرا بولغىنىنى بايان قىلغان.

ئىشلەپچىقىرىشتىن قول ئۈزۈش ئامېرىكاغا نىسبەتەن تولىمۇ خەتەرلىك. 1970 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن، ئامېرىكادىكى ئىشلەپچىقارغۇچى كارخانىلار ئىشكىلىرىنى تاقاپ، ئاسىيادىكى ئەرزان ئەمگەك كۈچلىرىگە قاراپ كۆچۈپ ئازدى. بىراق، ئۆتكەنكى يىگىرمە يىلدا، ئامېرىكا كارخانىلىرى خىتاينى گىگانت ئىشلەپچىقارغۇچىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. نۆۋەتتە بىز ساناقسىز بۇيۇم ـ ئەشيالاردا خىتايغا تايىنىمىز. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇنى بىزنىڭ ياشاش سەۋىيىمىز، تىببىي ئېھتىياجلىرىمىز، تېخنولوگىيە ئۈسكۈنىلىرى، ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى، مەركىزى بىر تەرەپ قىلغۇچ تاختا، ماشىنىلىرىمىزغا ئائىت ئۆزەكلەر، ئىستىش سىستېمىلىرى ۋە بىخەتەرلىك سىستېمىلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىزنىڭ پايدا ئېلىشقا بولغان تەشنالىقىمىز، دۆلىتىمىزنى كۆچلەندۈرىدىغان ئۇزاق مۇددەتلىك ئىستراتېگىيە جەھەتتىكى خاملىقىمىز بىزگە زىيان سېلىپ، خىتايغا پايدىلىق بولۇپ كەلدى. بۇنىڭدىن سىرت، دۆلىتىمىز تەيپۇنەمچە پىكىرگە ئەسىر بولۇپ كەلدى. ئامېرىكانى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن دۆلەتلەر بىر جەمئىيەتنىڭ ھەربىي تاجاۋۇز سەۋەبلىك كىرزىسقا پېتىشىدىن قورقىدۇ. بىراق، بىز دۇچ كەلگەن تاجاۋۇز ھەربىي تاجاۋۇزدىن نەچچە ھەسسە يوشۇرۇن. بىز ئۆزىمىزنىڭ يادرولۇق قىممەت قاراشلىرىغا قارشى بولغان بىر بيۇروكرات دۆلەت بىلەن ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت قۇرۇش ئارقىلىق ئۆز ئەركىنلىكىمىزنى ئاستا ـ ئاستا چۇشەپ قويدۇق. ھەر قېتىم بىرەر خىتاي شىركىتى ئامېرىكا كارخانىسىغا مەبلەغ سالغان چاغدا، ھەر قېتىم بىرەر چوڭ ئامېرىكا شىركىتىنىڭ ھۆججەتلىرى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تەرىپىدىن خاككېرلىق ھۇجۇمىغا دۇچ كەلگەندە، ھەر قېتىم خىتاي بىرەر كېڭەش پالاتا ئەزاسىنىڭ ياكى بىرەر تەتقىقاتچى ئالىمنىڭ گېلىنى ياغلىغاندا، ھەر قېتىم خىتاي ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىن بىرىدە كۇڭزى ئىنىستىتۇتى قۇرغاندا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئامېرىكادىكى تەسىرى دائىملا ئۆسۈپ ماڭدى.

خىتاي قىرىق يىلدىن بۇيان بىزنىڭ قارىغۇلارچە مەرتلىك قىلىشىمىزنىڭ قەنتىنى چېقىپ كەلدى. 1970 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن خىتاي ئوقۇغۇچىلىرى ئامېرىكانىڭ ئالىي ئوقۇش يۇرتلىرىغا يېغىشقا باشلىدى. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپچىلىكى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە خىتاي شىركەتلىرىنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا ئوقۇپ، ئامېرىكانىڭ دۇنيادا تەڭدىشى يوق ئىلىم ـ پەن، تېخنولوگىيە، ئىنژېنېرلىق ۋە ماتېماتىكا دەرسلىكلىرىنى دۆلىتىگە توشۇپ ئېلىپ كەتتى. ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ بۇ ئوقۇغۇچىلاردىن ئېرىشكەن ئوقۇش پۇلى كىرىمى ئۇنىۋېرسىتېتلاردىكى خىتاينى تەنقىدلەيدىغان ئالىملارنى قورقۇتۇش ۋە ئاغزىنى يۇمدۇرۇشقا ئىشلىتىلدى.

سوغۇق ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن بېرى، خىتاي ئافغانىستان ۋە سۈرىيە قاتارلىق ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىغا ئۇچرىغان جايلاردا ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشتى. ئامېرىكا بولسا بۇ رايونلاردا

تىنچلىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن بەدەل تۆلىدى. بۇ جەھەتتە ئامېرىكانىڭ بايلىق مەنبەلىرىدىن چىقىم قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي «بىر بەلباغ، بىر يول» پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، دۇنيا دېڭىز ترانسپورتىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن تۆمۈر يوللارنى ياساپ، پورتلارنى قۇردى. بۇ ھەقتە كېيىن چوڭقۇر توختىلىمىز.

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئافغانىستاننى قايتا قۇرۇش ۋە تىنچلىقنى قوغداشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ھەرگىزمۇ چەكسىز مەبلەغ سېلىشقا ۋەدە بەرمەيدۇ. بىراق، ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى 2018-يىلى ئامېرىكانىڭ يىلىغا 45 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سېلىپ، تىنچلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياردەم قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. رېئاللىق شۇكى، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى بۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇنچىلىك چىقىمنى بىر يىللا چىقىرىشقىمۇ ئۇنىمايدۇ.

خىتاينىڭ مەخپىي ئۇرۇشىغا، بېيجىڭنىڭ ئىستراتېگىيىلىك قارارىغا ۋە ئۆز پۈتىمىزغا ئۆزىمىز ئوق ئېتىش ئادىتىمىزگە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ قاراپ چىقىدىغان پەيت كەلدى. مېنىڭ قىلماقچى بولغىنىم، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پۈتۈن ئەس-يادى بىلەن قائىدە-مىزانلارغا ئەمەل قىلماسلىقتىكى خىلمۇ-خىل نەيرەڭلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش، شۇنداقلا گۆشنى يەپ، سۆڭەكنى قۇسۇپ چىقارمايدىغان كونا ھېيلىسى توغرىسىدا، ھەمدە ئامېرىكا ۋە باشقا غەرب دۆلەتلىرىنىڭ خىتاينىڭ سەلبىي تەسىرگە قارشى قوللىنىشقا بولىدىغان خىلمۇ-خىل ئىستراتېگىيىلەر توغرىسىدا تەپسىلىي توختىلىش. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىش كېرەك بولىدۇ. بۇنىڭ بىرىنچى قەدىمى مەبلەغ سالغۇچىلىق ھالىتىدىكى تويماس نەپسىمىزنى چەكلەشتىن، شۇنداقلا ئىستېمالچى بولۇش سۈپىتىمىزدىكى ئازراقلا ئەرزان مالغا ئاچكۆزلۈك بىلەن دۆم چۈشۈشتىكى روھىي ھالىتىمىزگە خاتىمە بېرىشتىن باشلىنىدۇ.

ئامېرىكالىق بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن تاللاش ئۆزىمىزدە. خىتاينىڭ بايلىقىنى ۋە بىزگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى ئاشۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسى بولغان ئەركىنلىكلىرىمىزگە تەھدىت شەكىللەندۈرۈشكە قاراپ ئولتۇرساق بولىدۇ. ياكى، ئامېرىكانىڭ ھەر قايسى ساھەلىرى ئىلگىرىكى بىلەن ئوخشاش بولماسلىقى توغرىسىدا قارار چىقارساق بولىدۇ. بىزنىڭ رەھبەرلىرىمىز، پۈتكۈل دۆلەت چوقۇم بىز دۇچ كەلگەن تەھدىتنى تونۇپ يېتىشى، ھەر قاچان خىتاينىڭ تەسىرگە قارشى كۈرەش قىلىشقا تەييار تۇرۇشى كېرەك. بۇ ھەرگىزمۇ ۋەھىمىلىك سۆزلەر ئارقىلىق ئادەم قورقۇتۇش ئەمەس، بىر نەرسە ئايدىڭ بولسۇنكى، مەن خىتاي خەلقىنى، ئۇلارنىڭ تىلىنى ۋە مەدەنىيىتى سۆيىمەن ۋە چوڭ بىلىمەن. مەن بۇ كىتابتا خىتاي دۆلىتى دەپ تىلغا ئېلىشتا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەرىپىدىن كونترول قىلىنىۋاتقان دۆلەتنى نەزەردە تۇتتۇم. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يوشۇرۇن ھالدا ئۆز تەسىرىنى كۈچەيتىپ كەلگىنىگە ئۇزۇن زامانلار بولدى. بۇ كىتابتىكىسى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ئاشۇرۇپ

كېلىۋاتقان تەسىر كۆچىگە قارشى تەپەككۇرلاردىن ئىبارەت.

ئامېرىكانى تەقدىرى ھايات ـ ماماتلىق باسقۇچقا كىردى.

## ئۈچىنچى باب: ئىقتىساد

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ چەكلىمىسىز ئۇرۇشى ئۇرۇش مەيدانىنى كېڭەيتىشكە تايىنىدۇ.

مۇشۇ سەۋەبلىك، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى پۈتكۈل دۇنيا مىقياسىدا ئۆز تەسىرىنى ئاشۇرىدىغان ۋە ئەمەلىي كۈچىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان بىر يۈرۈش ئىستراتېگىيىلەرنى تېپىپ چىققان. خىتاينىڭ بۇ جەھەتتە قوللانغان ئۇسۇلى ئاۋۋال ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچكە ئىگە بولۇش، ئاندىن ھاكىمۇتلەق كۈچىنىڭ تۈرتكىسىدە ئىقتىسادىي كۈچىنى كېڭەيتىش بولغان. شۇ سەۋەبلىك، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكىنىڭ ئاساسى ئىقتىسادىي بىخەتەرلىكتۇر. ئىقتىساد دەل خىتاينىڭ قارتا ئۆيىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان يىلىمدۇر.

ھەر قانداق دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي رىقابەتلىشىش ھەققى بولىدۇ. بىراق، بۇ يەردىكى مەسىلە، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئادىل رىقابەتكە دۈمبىسىنى قىلىپ تۇرۇۋېلىشىدا. ھەقىقەت شۇكى، خىتاي ئالدامچىلىق قىلماقتا. ھالبۇكى، ئامېرىكا ۋە غەربتىكى سىياسىي رەھبەرلەر ۋە كارخانىچىلىقتىكى ماگناتلار ئاچكۆزلۈك، تەشۋىقات ۋە قورقۇنچنىڭ تۈرتكىسىدە خىتاينىڭ ئالدامچىلىقىنى ئاشكارا شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئۆزىنى تارتماقتا. بۇ ھال ئامېرىكا شىركەتلىرى ۋە خەلقىگە زىيان سالدى.

1991 ـ يىلى، خىتاينىڭ دۇنيادىكى ئىشلەپچىقىرىش ئېكسپورتىدا تۇتقان نىسبىتى 2.3 پىرسەنت ئىدى. 2013 ـ يىلى بولسا بۇ نىسبەت 18.8 پىرسەنتكە چىقتى. خىتاينىڭ بۇ خىل پارتلاش خاراكتېرلىك كۆتۈرۈلۈشىنىڭ خىتايغا بولغان تەسىرى ھەممىگە مەلۇملۇق. خىتاي

دېھقانچىلىق دۆلىتى بولۇشتىن بارا ـ بارا ئۆزگىرىپ، شەھەرگە كۆپ ساندا نوپۇس كۆچۈپ يەرلەشتى. خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار پەيدىنپەي تاقىلىپ، دۆلەت ئارقىسىدا تىرەپ تۇرغان، نامدا خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانىلارغا ئۆزگىرىۋالماقتا. بىراق، خىتاينىڭ ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتىنىڭ دۇنيادا بىرىنچى ئورۇندا تۇرۇشى دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەرگە، بولۇپمۇ ئامېرىكاغا قانداق تەسىر كۆرسەتتى؟

ئامېرىكا پاي ـ چەك بازىرىدىكى ئاز سانلىق مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ كىرىمى شىددەت بىلەن ئاشتى. ياسىمىچىلىق يەرلىك ئىقتىسادنىڭ يادروسى بولىغان رايونلارغا نىسبەتەن، پاي ـ چەك ساھەسىدىكى زىيان بەكمۇ ئېغىر. قىزىقارلىق يېرى، يېڭىچە ئىقتىسادشۇناسلار ئارىسىدا قوبۇل قىلىنغان قاراش شۇكى، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئەركىن سودا ئىككى تەرەپنىڭ بايلىقىنى ئاشۇرىدۇ. مەسىلەن، 2016 ـ يىلى ئامېرىكا دۆلەت ئىقتىساد تەتقىقات ئىدارىسىنىڭ (National Bureau of Economic Research, NBER) خىتاينىڭ ياسىمىچىلىق ساھەسىدىكى ئىسلاھاتىغا قارىتا «خىتاي زىلزىلىسى» ناملىق دوكلات يېزىپ چىققان بولۇپ، داۋىد ئاۋتور (David H. Autor)، داۋىد دورن (David Dorn) ۋە گوردون خانسون (Gardon H. Hanson) قاتارلىق ئۈچ كىشى تەرىپىدىن يېزىلغان بۇ دوكلاتتا مۇنداق دېيىلگەن: «نەزەرىيە بىزنى شۇنداق كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇكى، نورمال شارائىت ئاستىدا غەلىبە قازانغۇچى ئېرىشكەن پايدا چەتئەل رىقابىتىنىڭ سەلبىي تەسىرىگە دۇچ كەلگەن كىشىلەر ئۇچرىغان ھەر قانداق زىياننى يوقىتا چىقىرىشقا يېتىپ ئاشىدۇ.» بۇ نەزەرىيەنىڭ ئاساسىي تەسەۋۋۇرى خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىشچىلارنىڭ تەربىيىلەشكە قاتنىشىش نەتىجىسىدە يېڭى ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرى روياپقا چىقىدۇ، بۇ سەۋەبلىك مائاش چۈشۈپ كەتمەيدۇ. ئاقىۋەتتە، ئىقتىساد ئېشىپ، ئىقتىسادىي تەڭپۇڭلۇق قايتىدىن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

ئاۋتور 2019 ـ يىلىدىكى زىيارەتنى قوبۇل قىلغاندا، ئۆز ماقالىسىدە ئوتتۇرىغا قويغان بايقاشنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى:

ئىقتىسادشۇناسلارغا باشتىلا ئىككى ئىش ئايدىڭ ئىدى. بىرىنچىسى، ئەركىن سودىلىشىشقا قوشۇلغان ئىككى دۆلەت ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى ئاشۇرالايدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكى بولغان ساھەدە تەرەققىي قىلالايدۇ. ئىككىنچىسى، بۇ خىل يۆتكىلىش پۈتۈن ساھە بويىچە بولمايدۇ. يەنى، ئىككى دۆلەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا پايدىغا ئېرىشەلمەيدۇ. نان يوغىنىغان تەقدىردىمۇ، بەزى قىسىملىرى كىچىكلەپ، باشقا قىسىم چوڭىيىش ئارقىلىق كىچىكلىگەن قىسمىنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، بەزى كىشىلەر ئىشسىز قېلىپ، ئەھۋالى تېخىمۇ ناچارلىشىپ كەتسىمۇ، ئەمما، ئۇلارنىڭ دۆلىتى ئومۇمىي نۇقتىدىن نىسپىي ھالدا بېيىيدۇ. تەتقىقاتتىكى ئىككىنچى نۇقتا دەل بىزنىڭ تەتقىقاتىمىزدىكى تەسىر كۈچى ئەڭ زور بولغان تەرەپتۇر. شۇ سەۋەبلىك، ئىككىنچى نۇقتا ئىنتايىن مۇھىم ... بۇ نەزەرىيەنىڭ ئارقىسىدا ئەمگەك بازىرىدىكى ئېقىشقا ئائىت بىر پەرەز مەۋجۇت. شۇ ۋەجىدىن، ئىمپورت ۋە ياسىمىچىلىق

ساھەسىدە رىقابەتچانلىقتا ئىگە مەھسۇلاتلار مەۋجۇت بولۇپ، شۇ تۈر ياسىمچىلىق ساھەسىدە چۈشۈش بولىدۇ. بىراق. شۇ ساھەدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر تېزلا باشقا ساھەلەردە يېڭى خىزمەتلەرنى تاپالايدۇ.

بىراق، ئۆتكەن يىگىرمە يىلدا بىر چاغلاردا ئامېرىكا ياسىمچىلىق سانائىتىنىڭ مەركىزى بولغان راست بېلت رايونىنى زىيارەت قىلغان ھەر كىم يۇقىرىقى پەرەزنىڭ سىپىي ئۆزىدىن خاتا پەرەز بولغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بېرى ئامېرىكا ياسىمچىلىق سانائىتىنىڭ قەددىمى ئاستىلىدى. ئامېرىكادىكى ياشاش سەۋىيىسى ۋە باي، نامرات دەپ ئايرىش خىتاي دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولغاندىن ئېتىبارەن شىددەت بىلەن ئۆستى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، سانلىق مەلۇماتلارغا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئىقتىسادشۇناسلارمۇ يۇقىرىقى ئىقتىساد نەزىرىيىسىنىڭ خاتالىقىنى بايقىغان. ئۇلار ئەركىن سودىنىڭ بايلىق ئېلىپ كېلىشى مۇتلەق ئەمەس، شۇنداقلا ئىككى دۆلەتنىڭ ئىناقلىقىنى بەرپا قىلىشىمۇ مۇتلەق ئەمەس دەپ قارىغان.

«خىتاي زىلزىلىسى» ناملىق دوكلات ستاتىسكىلىق سان-سىفىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. 1990-يىلدىن 2007-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا «خىتايدىن مال ئىمپورت قىلىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بەزى رايونلاردا، ياسىمچىلىق كەسىپىدىكىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تۆۋەنلىگەن.» خىزمەت پېشىدىكى كىشىلەر ئىشسىز قېلىپ ئەمگەكچىلەر تويىدىن غايىپ بولغان. دوكلاتتىكى سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا «ئامېرىكادىكى بارلىق ساھەلەر دېگۈدەك خىتايدىن مال ياكى ئەشيا ئىمپورت قىلغان. ئىمپورت مىقدارى ئېكسپورت مىقداردىن ئۈستۈن بولغان.»

بۇنىڭ نەتىجىسى قانداق بولدى؟ سودىدىكى كەسكىن ئۆزگىرىش ئېغىر تەسىر پەيدا قىلدى. مەھەللىلەردە ياشايدىغان نۇرغۇن كىشىلەر بىنالارغا يەرلەشتى. كۆپلىگەن شەھەرلەر نامراتلىشىپ كەتتى. تەتقىقاتتا بايان قىلىنىشىچە، ياسىمچىلىق كەسىپى نابۇت بولغان بۇ رايونلاردا «ياسىمچىلىق ساھەسىدىكى ئىشسىزلىق نىسبىتى بەش ھەسسە ئېشىپ، بۇنىڭمۇ نېرىسىغا ئۆتۈپ كەتكەن.»

ئامېرىكا نوپۇس ستاتىستىكا ئىدارىسى (US Cesus Bureau) تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان باشقا بىر تەتقىقاتتا ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ چۈشۈشى بىۋاستە تىلغا ئېلىنماستىن، ۋاستىلىك ھالدا تىلغا ئېلىنغان. بۇ تەتقىقات ئامېرىكالىقلارنىڭ 2000-يىلدىن 2012-يىلغىچە بولغان كىرىم ۋە بايلىق ئەھۋالىنى سېلىشتۇرما قىلغان بولۇپ، بۇ ئىدارە «ئائىلە بايلىق تەقسىماتى» ناملىق دوكلاتىدا ئامېرىكادىكى بايلار ۋە نامراتلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقى ئائىلىۋى ساپ كىرىم جەھەتتە كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە چوڭىيىپ كەتكەن. بۇ دوكلاتنىڭ بايقىشىچە ساپ كىرىمى ئەڭ تۆۋەن بولغان ئىككى ئائىلىنىڭ يۇقىرىقى ئون يىلدىكى ساپ كىرىمى 5124 ئامېرىكا دوللىرى ئازايغان. ھالبۇكى، ساپ كىرىمى ئەڭ يۇقىرى بولغان ئىككى ئائىلىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 61،379 ئامېرىكا دوللىرى ئاشقان.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئامېرىكادىكى بايلار تېخىمۇ يۇقىرى چەكتە بېيىغان. شۇنىڭغا ماس ھالدا، نامراتلار تېخىمۇ بەك نامراتلاشقان.

2017 ـ يىلى «خىتاي زىلزىلىسى» تەتقىقاتىغا قاتناشقان ئۈچ ئالىم تەرىپىدىن ئېلىپ بارغان بىر تەتقىقات ئىقتىسادىي قالايمىقانچىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان زەربىلەر ئۈستىدە بولغان. بۇ تەتقىقاتنىڭ تېمىسى بۇ خىلدىكى ئىقتىسادىي قالايمىقانچىلىقنىڭ كىشىلەرگە كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان زىيىنىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش بولغان. «خىزمەتنىڭ قولدىن كېتىشى — ياسىمچىلىق كەسپىدىكى چېكىنىشنى ۋە ياشلار ئارىسىدىكى تويلىنىشنىڭ چۈشۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.» تۆۋەندىكىسى ئۈچ ئاپتورنىڭ خىزمەت بازىرىنىڭ تۇساتتىن چۆلدەرەپ كېتىشىدىن كېيىنكى جەمئىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەر ھەققىدىكى خۇلاسىسىدۇر:

ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى سودا كىرىزىسى ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ ۋە كىرىمنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىشسىزلىق نىسبىتى ۋە بالدۇر ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى ئاشتى. داۋالغۇش يەنە توي قىلىش ۋە تۇغۇلۇش نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇنداقلا، تۇل ئاياللارنىڭ نىسبىتىنى ئاشۇرۇۋەتكەن. نامراتلىق ئېشىپ، يېتىم بالىلارنىڭ سانى كۆپەيگەن.

بۇ تەتقىقاتتىكى بايانلار كىشىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدۇ. دوكلاتتا ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇ خىل تەڭپۇڭسىزلىق جەمئىيەتكە ئېغىر زىيانلارنى ئېلىپ كەلگەن. بۇ خىل زىياننىڭ بارغانچە زورىيىپ كېتىشى ئېنىق. يەنى، خىزمەت بازىرىنىڭ چېكىنىشى پۈتكۈل ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ چېكىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ ھال يەنە بىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكى جەھەتتىكى مۇقىمسىزلىقىمىزنى كۈچەيتىۋەتكەن. خىزمەتكە ئېرىشەلىدىغان كىشىلەرنىڭ سانى تۆۋەنلەپ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە پۇل خەجلەش نىسبىتى چۈشكەن. نەتىجىدە، يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ باج كىرىمىمۇ ماس ھالدا تۆۋەنلىگەن. دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭمۇ سانى ئازىيىپ، ئۇل ـ مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرىنىڭ تەرەققىياتى چېكىنگەن. ھەر تۈرلۈك ئىجتىمائىي پاراۋانلىق سەلبىي تەسىرگە ئۇچرىغان. بۇ ھالدا يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا دۆلەت مىقياسىدا چىقىمنى تېجەش قارارلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. تۆۋەنلەۋاتقان ۋە ئۈنۈمسىز ئىقتىساد مەۋجۇت بايلىقلارغا باجنى كۆپەيتىشكە ئېلىپ بارغان. بۇ ھالدىن پۈتكۈل جەمئىيەت زىيانغا ئۇچرىغان.

## بيۇرۇكراتلىق خاراكتېرگە ئىگە كاپىتالىزم

مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئامېرىكانىڭ غەلبىسىدىن ساۋاق ئالغان. ئامېرىكانىڭ كۈچلۈك ئىقتىسادى ئامېرىكانىڭ توختىماستىن كۈچىيىشىگە تۈرتكە بولغان. ئامېرىكانىڭ ئالىي مائارىپ سىستېمىسى،

پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىكى بوشلۇقلىرى، بانكىچىلىق كەسپى، مەبلەغ سېلىش ۋاستىلىرى قاتارلىقلار ئامېرىكانىڭ دۇنياۋى كۈچ بولۇپ چىقىشىدا رول ئوينىغان. بىز بار كۈچىمىزنى ئىشقا سېلىپ باشقا دۆلەتلەر بىلەن ئىقتىسادىي رىقابەتكە چۈشتۇق. بىراق، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش پرىنسىپىمىزنى ئۇنۇتمىدۇق، شۇنداقلا رىقابەتلىرىمىزدە دېموكراتىيە پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلدۇق. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئامېرىكانىڭ تەبىئىي بايلىقلىرى ئامېرىكانى روناق تاپقان، ئىقتىسادىي جەھەتتىن قۇدرەت تاپقان، ھاياتى كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان بىر دۆلەت قىلىپ چىققان.

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئامېرىكانىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى پۇل ھەممىنى ئۆزگەرتىدۇ ئەقىدىسى ئاساسىغا قۇرۇلغان قۇرۇلمىسىنى ئاساسى جەھەتتىن تەقلىد قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بۇرمىلاشلىرىنى قوشۇپ، ئۆز ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلدى. خىتاي ئامېرىكانى تەقلىد قىلىشتا قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى سىزىپ چىقىرىۋەتتى، دېموكراتىك ئىدىيەلەرنى كۆمۈپ تاشلىۋەتتى. ھوقۇق مەركەزلەشكەن بيۇروكرات خىتاي بارلىق ئىشلارنى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نىشانى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئاساسى پرىنسىپىدۇر.

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشكەن، تاكتىكىلىق، نىشانغا بىنائەن ھەرىكەت قىلىدىغان بىر مودېل بويىچە يۈرۈشىدۇ. خىتاي رەھبەرلىكى «بىز نېمىنى مۇھىم بىلىمىز؟ بىزنىڭ نىشانىمىز نېمە؟ خەلقىمىزنى ۋە دۇنيانى قانداق قىلىپ بىزنىڭ ئېرىشمەكچى بولغىنىمىزنى قىلىشقا يېتەكلەيمىز؟» دېگەنلەرنى مەركەز قىلىدۇ. باشقا دۆلەتنىڭ ھۆكۈمەتلىرىنى ۋە ئورگانلىرىنى ئىندەككە كەلتۈرۈش «چەكلىمىسىز ئۇرۇش»تىكى ئەڭ ئاساسلىق قوراللاردۇر.

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېڭى قۇرۇلغان چاغلاردىكى باشقۇرۇش ئۇسۇلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشتا يەككە شەخسكىچە باشقۇرۇشقا سەل قاراليايتتى، مەسىلەن، مەلۇم ئىشچىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى، شۇنداقلا قايسى زاۋۇتنىڭ قايسى مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىشى كېرەكلىكىگىچە ئالدىن بەلگىلىنەتتى. بىراق، دېڭ شياۋپىڭ مەنپەئەتكە ئېرىشىشنىڭ — يەنى ئىشلىگىنىگە قاراپ چۆنتىكىگە پۇل كىرىشنىڭ شەخسنىڭ ئىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن.

خىتايدا بارلىق مالىيە ـ ئىقتىساد سىياسەتلىرىنىڭ ۋە بايلىق يوللىرىنىڭ، شۇنداقلا قانۇنىي قۇرۇلمىنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قولىدا بولغانلىقىنى ئۈچۈن، ئۇ ھەر قايسى ئىقتىسادىي قاتلاملارنى كونترول قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالىغان. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەبلەغنى خالىغانچە يۆتكەپ ئىشلىتەلەيدۇ. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۆز مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغان ئاساستا قانۇن تۈزىدۇ. خىتايدىكى ھەر بىر شىركەتتە پارتىيە كومىتېتىنىڭ بولۇشىنىڭ شەرتلىكى مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىن. خىتاي ئۆزىگە پايدىسىز بولغان قانۇن ـ نىزاملارنى خالىغان پەيتتە

ئۆزگەرتىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق ئۆزگەرتىشلىرى ئاز ئەمەس. مەلۇم جەھەتتىن قارىغاندا، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ياسىمچىلىق ۋە تىجارەت جەھەتتىمۇ نىمىنى خالىسا شۇنى قىلىش مۇھىتىنى ياراتقان. خىتايدا مۇقىملاشقان مۇھىم ئۆلچىمى يوق. مەھسۇلاتلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان ھۆكۈمەت ئورگىنى مەۋجۇت ئەمەس. ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ، سودا ئىدارىسى ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش ئىدارىسىمۇ يوق. باشقا شىركەتلەرنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئوغرىلاش، نەشرىي بۇيۇملار ئوغرىلىقى، ئەقلىي مۈلۈك ئوغرىلىقى، نەشر ھوقۇقىغا پەرۋا قىلماسلىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى خىتاي ھېچ تەپ تارتماستىن قىلىۋېرىدۇ. خىتاينىڭ خىلىدىكى چەكلىمىسىز ئۇرۇشى خىتاي كارخانىلىرى تەرىپىدىن پۈتۈن دۇنيادىكى سودا-تىجارەت بازارلىرىغىچە كېڭەيگەن.

(خىتايدىكى سودا-تىجارەت) بۇنچە ئەركىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەبلەغ سالغۇچى ۋە ياسىغۇچى سودىگەرلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەندىكىن، ئۇنداقتا مەسىلە نەدە؟مەسىلە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قانداق ئۆزگەرتكۈسى كەلسە شۇنداق ئۆزگەرتەلىشىدە. چۈنكى، خىتايدا قانۇن-نىزام يوق.

ئۇنىڭ ئۈستىگە كوممۇنىستىك پارتىيىسى كۆرگەنلا ئىشقا چېپىلىۋالىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، خىتايدا ھەر قانداق ئىش باشقۇرۇش ئاستىدا. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى گەرچە مەلۇم ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرىنى تامامەن ئۆز ئەركىگە قويۇۋەتكەندەك تۇرسىمۇ، بىراق، قايسى ساھەلەرنى باشقۇرۇش، قايسى ساھەلەرنى باشقۇرماسلىقنى ئۆزى خالىغانچە بەلگىلىۋالىدۇ.

مەسىلىنىڭ نېگىزى شۇكى، خىتاي يېپىق ئىقتىسادىي مۇھىتقا ئىگە دۆلەت. چەتئەل كارخانىلىرىدا خىتايدا تارماق شىركەتلىرىنى قۇرسا بولىدۇ. بىراق، بۇنىڭ ئۈچۈن خىتايلار بىلەن ھەمكارلاشقان بولۇشى، شۇنداقلا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى سودا ئەھۋالىنى كۆزىتىپ تۇرالايدىغان بولۇشى شەرت. مەبلەغ سېلىش جەھەتتە، خىتايغا مەبلەغ سۈپىتىدە كىرگەن پۇل چوقۇم خىتايدا قېلىپ قېلىشى كېرەك. ستارباكس، ماكدونالد قاتارلىقلارغا ئوخشاش خىتايدا تىجارەت قىلماقچى بولسىڭىز، نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا سىز تاپقان پۇلنىڭ ھەممىسى خىتايدا قېلىپ قېلىشى كېرەك. خىتايدا تاپقان پايدىنى خىتايدىكى بانكىغا قويۇپ ئۆسۈمىنى خەجلىشىڭىز ياكى خىتاي ئىچىدە مەبلەغ قىلىپ سېلىشىڭىز سىزنىڭ ئەركىنلىكىڭىز. بۇ بەلگىلىمىلەر خىتايدا سودا قىلىۋاتقان بارچە شىركەتلەر ئۈچۈن ئورتاق. خىتايدا سودا قىلىۋاتقان ھەر قانداق چەتئەل شىركىتى چوقۇم مۇشۇنداق قىلىشى كېرەك. بىراق، نېمىشقا «نەزەرىيە جەھەتتىن» دەپ قوشۇپ قويىدۇم؟ چۈنكى، ئەگەر سىز خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەن شىركەت بولسىڭىز، ئۇ ھالدا مۇۋاپىق رەۋىشتە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە مۇراجىئەت قىلىش نەتىجىسىدە، خىتاي ھۆكۈمىتى ئېرىشكەن پايدىڭىزنىڭ مەلۇم قىسمىنى چەتئەلگە ئېلىپ چىقىپ كېتەلىشىڭىزگە يول قويىدۇ. بىراق، بۇ كۆپۈنچە ھاللاردا مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتۇر.

شۇنىڭدەك، خىتاي بازىرىغا كىرىشنى خالايدىغان چەتئەل شىركەتلىرى، جۈملىدىن فېيسبۇك، يۇتيۇب، تۋىتتېر قاتارلىق ئەركىن پىكىر بايان قىلغىلى بولىدىغان ۋاستىلەر ۋە باشقا كۆپلىگەن شىركەتلەر خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەرىپىدىن چەكلەنگەن. يۇقىرىدىكى نامى كەچكەن يۇمشاق دېتاللار دىن ھەققىدىكى يازما ۋە ماقالىلەرنى چىقىرىشقا، تىبەتتىكى زۇلۇم، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى، شۇنداقلا ئامېرىكا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىنىڭ ئېسلىلىكلىرىنى تارقىتىشقا يول قويىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى خىتايدا چەكلەنگەنلىكتىن، بۇ يۇمشاق دېتاللارنىڭ ئىگىلىرى بولغان شىركەتلەر خىتاينىڭ تور سۈزگۈچىنى قوبۇل قىلمىغۇچە، خىتاي بازىرىغا كىرىشكە نائىل بولالمايدۇ. بۇ خىل بەلگىلىمىلەر يەنە سودىدىكى تەڭپۇڭسىزلىقنى كۈرسىتىپ بېرىدۇ. خىتاي ئاللىقاچان گۇگىل، يۇتيۇب ۋە فىيسبۇكلارغا تەقلىد قىلىنغان دېتاللارنى ياساپ بولغان بولۇپ، بەيدۇ، يوۋكۇ ۋە ۋېيبو دېگەنلەر مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇ تور بەتلەر ۋە دېتاللارنىڭ ھەممىسى ئامېرىكادا ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا (خىتاينىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا) خالىغانچە ئىشلىتىلىدۇ. بىراق، خىتاينىڭ بۇ نەرسىلىرى خىتايدا ئامېرىكانىڭ رىقابەتسىز ھالدا جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلالايدۇ.

خىتاينىڭ پۇلى — يۈەنگە كېلەيلى. گەرچە باشقا دۆلەتلەرنىڭ پۇلىنىڭ قىممىتى چەتئەل تاشقى پېرۋوت بازىرى تەرىپىدىن بەلگىلەنسىمۇ، بىراق، خىتاي پۇلى چەتئەل تاشقى پېرۋوت بازىرى تەرىپىدىن بەلگىلەنمەيدۇ. خىتاي پۇلىنىڭ يۇقىرى تۆۋەن بولۇشىنى تەڭشەش خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قولىدا.

خىتايدا ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىمۇ ئادەمگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ. خىتاينىڭ پەن ـ تېخنىكىنى ئەسەبىيلەرچە سۈمۈرۈپ ئېلىۋاتقانلىقىنى بايان قىلغاندا، بۇ ھەقتە ئىچكىرىلەپ توختالمىسىز. نۆۋەتتە بۇ جەھەتتە قىسقىچە توختالساق يېتەرلىك. خىتايدا بىر شىركەتكە تەئەللۇق بايلىقلار كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە باشقا شىركەتكە تەۋە بولۇپ قالالايدۇ. ناۋادا سىز مەبلەغ سالغان بىرەر شىركەتنىڭ بايلىقى ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە باشقا شىركەتنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتسە قانداق قىلىسىز؟ بۇنىڭغا ئامال يوق. بۇ خىل ئەھۋالدا، مېنى نەس باستى دەپ ئىشنى تۈگىشىڭىز كېرەك. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھەممىنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، ئۇ سىزگە بەرگەنلىرىنى سىزنىڭ قولىڭىزدىن ئېلىۋېلىشقا قادىر.

## ئەركىن بازار ئەپسانىسى

باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىنى تىلغا ئالغاندا، خىتاي ئولجا ئېلىش ۋە بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە. ئەمەلىيەتتە، باشقا دۆلەتلەر خىتاي شىركەتلىرىنىڭ پايدىغا ئېرىشىش ئوبيېكتلىرى ھېسابلىنىدۇ.

مەسخىرىلىك يېرى، بىرەرسى چىقىپ خىتاينىڭ پايدىغا توغرا يولدىن ئېرىشمەيۋاتقانلىقىنى، بېيجىڭ دائىرىلىرىنى قائىدە ـ نىزاملارغا رىئايە قىلىشقا، قائىدە ـ

نىزاملارغا باشقا دۆلەتلەرگە ئوخشاش ھالدا رىئايە قىلىشقا مەجبۇرلاش كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلغىنىدا، خىتاينىڭ كۆتۈرمىكەشلىرى ھەممىگە تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەن سەممىيەتسىز جۈملىسىنى ئىشقا سېلىپ «ئۇنداق قىلىش ئەركىن بازار سىستېمىسىنى ۋەيران قىلىدۇ» دېيىشىدۇ.

بۇ سېپى ئۆزىدىن توقۇلما گەپ بولمىغىنىدا، كۈلكىلىك گەپ ھېسابلانغان بولاتتى.

دۇنيانىڭ ئىككىنچى چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدىسى بولغان خىتاي ئەمەلىيەتتە ئەركىن بازارغا ئىشەنمىگەن ئىكەن، خىتاي ئۈچۈن ئەركىن بازار دەيدىغان بىر نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. خىتاينىڭ ئەركىن بازارغا جان-جەھلى بىلەن قارشى تۇرىدىغانلىقىغا ئائىت سانسىزلىغان دەلىل-ئىسپاتلار مەۋجۇت. بىر زور كۆچ ئەركىن بازارغا كىرىشكە چەكلىمە قويىغان، پۇلنىڭ ئېقىشىغا چەكلىمە قويغان، شۇنداقلا پىكىر-ئىدىيەلەرنىڭ ئېقىشىغا چەكلىمە قويغان ئىكەن، دېمەك ئەركىن بازار مەۋجۇت ئەمەس.

ئامېرىكا خىتايدا يېڭىدىن قۇرغان شىركەتلەرنىڭ يىگىرمە پىرسەنتىگە خىتاي مەبلەغ سالغان. بۇ خىتاينىڭ «2025 - خىتاي ياسىغان» پىلانىغا يېتىشتىكى ۋارىيانتلاردىن بىرى. خىتاينىڭ بۇنداق پىلانىنىڭ بارلىقى 2017-يىلى ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، خىتاي بۇ پىلانىغا يېتىش ئۈچۈن يېڭى ماتېرىياللار، سۈنئىي ئەقىل، بىر گەۋدىلەشكەن توك يولى، مېدىتسىنا سانائىتى، 5G خەۋەرلىشىشى، ئاۋىئاتسىيە سانائىتى، ماشىنا ئادەم تېخنىكىسى، توكلۇق ماشىنىلار، تۆمۈر يول ئەسلىھەلىرى، كېمىچىلىك، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان ساھەلەرگە قەدەم قويۇشقا چاقىرىدۇ. ناۋادا خىتاينىڭ بۇ پىلانى ئەمەلگە ئاشسا، خىتاي بىزنىڭ بوئىن، ھەممباب ئېلېكتىر شىركىتى قاتارلىق شىركەتلىرىمىزدىن مال سېتىۋېلىشنى توختىتىپلا قالماي، خەلقئارالىق بازاردا بۇ شىركەتلەر بىلەن رىقابەتلىشىدۇ.

گەرچە ئامېرىكالىق مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ پۇلى توختاۋسىز رەۋىشتە خىتايغا ئېقىۋاتقان بولسىمۇ، 2019-يىلى مورگان ستانلېي خەلقئارالىق پايچېك بازىرى كۆرسەتكۈچىدە بىر قاتار خىتاي شىركەتلىرىنىڭ ئىسمىلىرى نامايان بولغان. بۇ كۆرسەتكۈچتىكى شىركەتلەرنىڭ يىگىرمە پىرسەنتى نىشاڭخەي ۋە شېنجېندىكى ئاكسىيە بازارلىرىغا كىرگەن شىركەتلەر تەشكىل قىلىدۇ. بۇ شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، مۇشۇ كۆرسەتكۈچنى مەبلەغ سېلىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان دەلىل سۈپىتىدە كۆرگەن پاراۋانلىق تېپىدىكى ۋە باشقا مەبلەغ سالغۇچىلار پۇللىرىنى مۇشۇ خىتاي شىركەتلىرىگە مەبلەغ قىلىپ سېلىۋاتىدۇ. يېقىنقى بىر يىل ئىچىدە، بىر تىرىليون دوللار مۇشۇ خىتاي شىركەتلىرىگە مەبلەغ قىلىپ سېلىنىدۇ.

نۆۋەتتىكى خىتايغا ئېچىۋېتىلمىگەن ئىقتىسادىي سىياسىتىمىزگە كەلسەك، پۇل-مۇئامىلە ساھەسىدىكى شۇنچە كۆپ باشلامچى شەخسلەرنىڭ بىر ھاكىممۇتلەق دېۋىگە بىر قاتار مۇمكىنچىلىكلەرنى تەۋسىيە قىلىشىنى بۇ كىشىلەرنىڭ بۇ جەھەتتە ئەستايىدىل بولمىغىنىدىن، بۇ ھەقتە يېتەرلىك ئىزدەنمىگىنىدىن كۆرەيلى دېسەك، بۇنداق بولۇشى ئومۇمەن مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، بۇ شەخسلەرنىڭ

ھەممىسىنىڭ قولىدا «بلۇمبېرگ تېرمىنالى» مەۋجۇت. يەنە بىر خىل ئېھتىماللىق بۇ شەخسلەرنىڭ شۇ ئارقىلىق مەنپەئەتكە ئېرىششى ۋە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شېكەر يالىتىلغان زەمبىرەك ئوقى تېپىدىكى تەشۋىقاتىدىن تەۋرىنىپ قالغان دەيلى دېسەك، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھەمىشە ئۆزىنى مەسئۇلىيەتچانلىقنىڭ ئۆلگىسى، ئەركىن سودىنىڭ جەننىتى قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ.

بۇ خىل كارخانا رەھبەرلىرىگە ياد بولۇپ كەتكەن سۆز «ئەركىن بازار مېخانىزمى ئۆزىنى-ئۆزى باشقۇرىدۇ» دېيىشتىن ئىبارەت. بۇ نەزەرىيە ئەركىن بازار ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى ئۈنۈمگە ئىگە، بازار كۈچلىرى كارخانا ساھەسىنىڭ مەڭگۈ ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئىشلارنى قىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ، دېگەن قاراشنى ياقىلايدۇ. بۇمۇ ئوخشاشلا بىمەنىلىكتە ئۈچىغا چىققان خاتا قاراشتۇر. ئالدى بىلەن، يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، خىتاي دۇنيا بازىرىدىلا بولىدىكەن ئەركىن بازاردىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، نېمىنىڭ ئەڭ ياخشى نەتىجە ئىكەنلىكىگە باھا بېرىش ئەسلىدىنلا ئىككى بىسلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، قانداق بولغاندا ئەڭ ياخشى بولىدۇ، ۋە بۇ ئەڭ ياخشى كىم ئۈچۈن ئەڭ ياخشى؟ تېز قولغا كېلىدىغان پايدا ئەڭ ياخشى نەتىجىمۇ ياكى ئۇزۇن مۇددەتلىك پايدىنى كۆزلەش ئەڭ ياخشى تاللاشمۇ؟ ۋەياكى مۈلۈكنىڭ مۇقىم رەۋىشتە يۆتكىلىشى، پۇلنى خالىغانچە ئالماشتۇرۇش، ياكى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ قايسىسى ئەڭ ياخشى نەتىجە ھېسابلىنىدۇ؟ ئۆتكەن ئوتتۇز يىلدىن بېرى مەبلەغ سېلىش شىركەتلىرى، بەش يۈز كۈچلۈك كارخانا، ئامېرىكا ئاكسىيە بازىرىنى باشقۇرۇش كومىتېتى، پېنسىيە پۇلى شىركىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئامېرىكا كارخانىچىلىق ساھەسى دائىما ئۆزىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەڭ ئەۋزەل پايدىسىغا قارشى ھالدا ھەر خىل يوللار ئارقىلىق خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ كەلدى.

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى دۇنيادا ئىقتىسادىي كۈچىنى توختىماستىن كېڭەيتىپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ خوجىسىغا ئايلىنىش ئۈچۈن ئىقتىسادىي، مەبلەغ سېلىش ۋە سودا بازارلىرى جەھەتتە قانداق قىلىپ ئەمەلىي كۈچكە ئېرىشكەنلىكىنى بايان قىلىشتىن ئاۋۋال، ئامېرىكا كارخانىلىرىدا بايلىق ۋە گۈللىنىشنىڭ قانداق يۈرۈشىدىغانلىقى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن. بۇ ھال خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئوخشاش تۈردىكى قۇۋلۇق-شۇملۇقلىرى بىلەن كۆرۈنەرلىك رەۋىشتە سېلىشتۇرما بولالايدۇ.

ۋاندېربىلت (Vanderbilt) ئامېرىكادا پويىز يولى ياسىغاندا، پولات-تۆمۈر ماگىناتى كارنېگ (Carnegie) پولات-تۆمۈر ئىشلەپ چىقارغاندا، فورد ماشىنا ياسىغاندا، روكفېللېر نېفىت قۇدۇقى قازغاندا، IBM كومپيۇتېر ياسىغاندا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بۇ كاخانىلارنى بىر تىيىن ئىقتىسادىي مەبلەغ بىلەنمۇ قوللىمىغان. ئۇلارنى قوللىغىنى بانكىلار ۋە مەبلەغ سالغۇچىلار، شۇنداقلا پايچېك بازىرى بولغان. سودىنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ ئىقتىساد گۈللەندى، تېخنولوگىيە ۋە تۇرالغۇ شارائىتلىرى تەرەققىي قىلدى، تۇرمۇش سەۋىيەسى

ئاشتى. ئەركىن بازار دېگەن مانا بۇ. ئامېرىكادا كارخانىلارنىڭ سودا ـ تىجارىتىگە ھۆكۈمەتنىڭ پىلانلاپ، قول تىقىشى بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، بەزى شىركەتلەر ھۆكۈمەت بىلەن توختاملىشىشى ياكى ۋە باج كەچۈرۈمگە ئېرىشىشى، ئوتتۇرىدىكى بەزى شەرمەندە سىياسەتچىلەر سايلام ئىئانىسى ياكى پايچېك بازىرىدىكى داغلىق كارخانىلاردىن مەنپەئەتكە ئېرىشىشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك، سودىدا ئەۋزەل قانۇن ـ سىياسەتلەردىن مەنپەئەت پايدىلىنىشىمۇ مۇمكىن. بىراق، كارخانىلار ھۆكۈمەتتىن ئەمىر ـ پەرمانى بويىچە ئىش كۆرمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، كارخانىلارنىڭ قەد كۆتۈرۈشى ئۈچۈن ھۆكۈمەت يول ياسايدۇ، سۇ يەتكۈزۈش سىستېمىلىرىنى قۇرىدۇ ۋە باشقا ئۇل ـ مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلماستىن، ھەقىقىي رەۋىشتە ئەركىن بازارنى قوللايدۇ.

## ختاي سېپى ئۆزىدىن ئالدامچىدۇر

ختاينىڭ قەد كۆتۈرۈشىدىكى كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان نۇقتىلاردىن بىرى بۇ دۆلەتنىڭ قانداق قىلىپ دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ ھەيران قالارلىق ئېشىشنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىدۇر. زامانىۋى تارىختا ختايدىن باشقا ھېچكىم ختايدەك كەسكىن ئۆزگۈرۈش قىلىپ باقمىدى. خەلقنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ نامراتلىقتىن شۇنچە تېز قۇتۇلۇشى (باشقا بىرەر دۆلەتتە) قانداقمۇ مۇمكىن بولۇپ باققان؟

بۇ ھەقتىكىسى ئۇزۇن ۋە مۇرەككەپ ھېكايىدۇر. شۇنداقلا، كىتابنىڭ تارماق مەزمۇنلىرىدىن بىرىدۇر. ئەمما، بۇ جەھەتتە ئىقتىسادىي نۇقتىدىن بىر جۈملە بىلەن مۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇ. ختاي بۇنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا غايەت زور سومىمدىكى زايوم تارقىتىش ۋە سېتىۋېلىشقا تايانىدى. چەتئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئۆز ئېلىكىدىن چىقىپ كەتمەسلىكىگە ئائىت قائىدە بەلگىلىۋېلىپ، شۇ بويىچە ئىش كۆرۈپ مىليارتلاپ بايلىققا ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن سىرت، چەتئەللىك خېرىدارلارغا مەسئۇلىيەت كۆرسەتمەيدىغان، چەتئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ دوپپىسىغا جىگدە سالىدىغان يېپىق ئىقتىسادىي سىستېمىنى قۇرۇپ چىقتى.

«ختاي بىر قەغەز يولۋاس» دەيدۇ ستىۋ بەنون ختاينىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئېشىشىنى تەھلىل قىلىپ. گولدمەن ساكس گورۇھىنىڭ بۇ سابىق مۇئاۋىن دېرىكتورى ماڭا مۇنداق دېگەن: «ختاي سېپى ئۆزىدىن ئالدامچى. بىزنىڭ ختايدىكى بىردىنبىر ئەڭ مۇھىم مەسىلىمىز ئىقتىسادىي جەھەتتىن بوھرانغا ئۇچراشتۇر. ختاينىڭ بىزنىڭ ھەر بىر كارخانىچىمىزنى زىيانغا ئۇچرىشى نېمىدېگەن رەزىل؟»

بەنوننىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ قايىل قىلارلىقلىقى ناھايىتى يۇقىرى. كۆپ يىللاردىن بېرى مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ بىر مىليارد پۇلىنى قويۇۋەتكەن ئالدامچى بېرنى مادوف ئۆزى تەرىپىدىن ئالدانغان خېرىدارلىرىغا «ياق، تاپقان پۇلىنى مەن ئال دېگەندە ئاندىن ئالسىڭىز بولىدۇ. ياق، مالىيە دوكلاتىنى مەن بىر نۇسخا كۆپەيتىپ ئېلىشىڭىزغا يول قويغاندا ئاندىن ئالسىڭىز بولىدۇ، باشقىسىنى

سزگە كۆرستىشكە بولمايدۇ» دېيىشنى، شۇنداقلا ئۇ ئامېرىكا ئەدلىيە مەھكىمىسىگە ۋە دۆلەت باج مەھكىمىسىگە «ياق. مېنىڭ ھېسابات دەپتىرىمنى تەكشۈرۈشىڭىزگە يول يوق، مېنىڭ ھېسابات دوكلاتىمغا ئىشىنىشىڭلار كېرەك» دېيىشنى پەرەز قىلىڭ.

ناۋادا يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارنىڭ ئامېرىكادا يۈز بېرىشىگە يول قويۇلسا، مادوف مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ پۇلىنى تاكى بۆگۈنگە قەدەر ئالداپ كەلگەن بولاتتى. ئۇ پايدا دەپ كۆرسەتكەن ئاتالمىش پۇللار ئەمەلىيەتتە يېڭى خېرىدارلىرى مەبلەغ قىلىپ سالغان پۇللار بولۇپ، شۇ پۇللارنىڭ بىر قىسمىنى شەخسىي ئىشى ئۈچۈن ئىشلەتكەن، ئىلگىرىكى مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ پۇلىنى بولسا ئالدىرىماستىن تۆلەشكە باشلىغان.

بۇ ئەھۋاللار ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئالدامچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پارتىلاش خاراكتېرلىك كۆتۈرۈلۈشىنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقىغا ئوخشىشىدۇ. غەربنىڭ مەبلىغى خىتايغا كىرىدۇ، كىردىمۇ چىقالمايدۇ. بۇ مەبلەغلەرنىڭ بىر قىسمى خىتاينىڭ خەلقئارالىق سودا قىلالىشى ئۈچۈن دوللار پېتى قالىدۇ. بىراق، تاپقان پايدا چوقۇم ئالماشتۇرغىلى بولمايدىغان پۇلنىڭ ئەسلى ھالىتىدە تۇرۇشى، ھەمدە مەبلەغ زىيادە چىڭ كونترول قىلىنىشى كېرەك.

خىتاي شىركەتلىرىگە كەلسەك، بۇ شىركەتلەرنىڭ كۆپچىلىكى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىگە ئېرىشىدۇ، ياكى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ پۇل خەزىنىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ؛ مالىيە ـ بوغالتىرلىق پىرىنسىپلىرىنىڭ ھېچ بىرىگە رىئايە قىلمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن، چەتئەللىك ئانالىزچىلارنىڭ خىتاي شىركەتلىرىنىڭ مالىيە ساغلاملىقىغا توغرا شەكىلدە ھۆكۈم قىلىشقا ھېچ بىر ئامالى يوق. خىتايدا يامان بىر ئادەت بار. ئۇ بولسىمۇ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى خىتاي بانكىسى خەلقئارالىق سىياسەتلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن شەكىلدە سىياسىي قىممىتى بار دەپ قارىغان بولغان شىركەتلەرگە ئۆزى خالىغان مىقداردا پۇل تارقىتىدۇ. بۇ جەھەتتە كېيىنكى بابلاردا بىلىم ۋە تېخنولوگىيە جەھەتتە مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. خىتاي بىر شىركەتنىڭ مال ـ بىساتىنى خالىغان پەيتتە يەنە بىر شىركەتكە تەۋە قىلىپ قويالايدۇ. خىتايدا قانۇنلاشقان بوغالتىرلىق دەيدىغان بىر نەرسە مەۋجۇت ئەمەس.

بۇ خىل ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن غەرب كارخانىلىرىنىڭ يەنىلا خىتايغا مەبلەغ سېلىشقا خۇشتار بولۇشى تەلۋىلىك، ھەتتا كالىلدىن كەتكەنلىكتۇر. خوش، ئۇنداقتا غەرب كارخانىلىرى نېمىشقا مۇشۇنداق قىلىدۇ؟ شۇنىسى ئېنىقكى، ۋال كوچىسىدىكى پايچېك سودىسى بازىرىنىڭ نەزىرىدە پەقەت ھەر قېتىملىق سودىدىن پايدىغا ئېرىشىشلا بار بولۇپ، بۇ ھال ئۇنىڭ بۇنداق خەتەرنى كۆرمەس قىلىپ قويغان. پېنسىيە فوندى دېرىكتورلىرى بولسا باشقىلار قانداق قىلسا، بىز ئەگىشىپ شۇنى قىلساق

بولدۇ دەپ قاراپ، مەبلەغ سېلىپ پۇل تېپىشقا خۇشتار بولغانلاردۇر. بۇنداق تۈردىكى كىشىلەر ئاز ئەمەس. خىتايغا مەبلەغ سېلىشقا ئۆزىنى ئېتىشنى تەستىقلايدىغان «ئومۇمنىڭ ئەقلى» بۇ يولغا كىرگەنلەرنى ئۆز يولىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەندۈرىدىغان مۇھىم كۈچ ھېسابلىنىدۇ.

خىتاي مۇشۇ تىپتىكى «ئومۇمنىڭ ئەقلى»نى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن خىتاي تەشۋىقات ئورۇنلىرىغا — ئۆزىنى چىرايلىق كۆرسىتىپ، ئۆزگىنى ئىندەككە كەلتۈرۈش جېڭىگە كىرىشكەن. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ چەتئەللىك مەبلەغ سالغۇچى خېرىدار تېپىش جېڭى كۆپلىگەن ئالدىنقى سەپلەردە بىخەتەر ھالەتتە ئىشقا ئاشتى. خىتاي مەبلەغ سالغۇچىلارنى ۋە مۇخبىرلارنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىپ، سودا ئۆمەكلىرىنى قارشى ئېلىپ، ئۇلارغا زىياپەت بېرىدۇ. خىتاي يەنە ئىنشەنچىلىكلىك تۈسى يۇقىرى بولغان ئېلان بەتلىرىنى سېتىۋېلىپ، ۋاشىڭتون پوچتا گېزىتى دېگەندەك تەسىرى زور گېزىتلەردە ئېلان بېرىدۇ.

خىتاي يەرشارى تېلېۋىزىيە تورى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئۆزىگە نىسبەتەن تەنقىدىي مۇئامىلە مۇخبىرلارنى خىزمەت بىلەن تەمىنلىگەن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق جامائەت پىكرىنى كونترول قىلىدۇ. قوغدىغۇچى گېزىتىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، خەۋەر يازغۇچىلاردىن بىرى خىتاينىڭ ئۆز مائاشىنى ئىككى قاتلايدىغان ئىش ھەققى تەكلىپىنى رەت قىلغان.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى چەكلىمىسىز ئۇرۇشنىڭ ۋارىيانتلىرى ھېسابلىنىدۇ. خىتاي مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈرۈپ خىتايغا مەبلەغ سېلىشى ئۈچۈن ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئىندەككە كەلتۈرۈش ۋە خاتا ئۇچۇر بىلەن ئالداش نەيرەڭلىرىنى تېپىپ چىققان.

بىز خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ئۇلار قالتىس خىزمەتلەرنى قىلدى دەپ ماختاپ تۇرايلى. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئالدامچى دېيىشكە بولىدۇ. 2018-يىلى نويابىر ئېيىدا خىتاي پىرىزدېنتى شى ئىسپانىيە دۆلەت مەجلىسىدە سۆز قىلىپ، كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپلا «خىتاي تاشقى دۇنياغا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە تېخىمۇ كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. بىز مەبلەغ سېلىش ساھەسى بازىرىغا كىرىش ئۆلچىمىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش، ھەمدە ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش جەھەتتە تېخىمۇ كۆپ تىرىشىمىز» دەپ قىپقىزىل يالغانچىلىق قىلغان.

مەبلەغ سېلىش يوللىرىنى كۆپەيتىش جەھەتتە شى جىنپىڭ ھېچقانداق ۋاقىت ئۇچۇرىنى بەرمىگەن ۋە بۇ ھەقتە چۈشەنچە بەرمىگەن. شۇنداقلا، خىتاينىڭ بىلىم-مۈلۈك ھوقۇقىنى قانداق قوغدايدىغانلىقى توغرىسىدىمۇ «ماڭا ئىشىنىڭلار» دېيىشتىن باشقا ھېچنېمە دېمىگەن.

خىتاينىڭ ئالدامچىلىقىنىڭ غەلىبە قازىنىشى جۆملىسىدىن ھېسابلىنىدىغان ئىشلاردىن بىرى ئۇنىڭ غەربتە كارخانا قىلىتىقى قۇرۇشى ۋە ئۆزىگە

قارشى سەلبىي ئاۋازلارنى تىنجىتىشىدۇر. ختايغا زور سوممىدا مەبلەغ سالغان شىركەتلەر ئۆز مەبلىغىنى ختايدىن ئېلىپ چىقىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى بايقىغىنىدىن كېيىن نېمىۇ قىلالىسۇن؟ بۇنداق شىركەتلەر نەچچە مىڭدىن ئاشىدۇ. ئۇلار مەبلەغلىرى ختايغا كىرىپ بولغاندىن (كېيىن يۇقىرىقى ئاچچىق رېئاللىقنى سەزگىنىدە) ئۆزىنىڭ ئىككى تاشنىڭ ئارىلىقىدا قالغانلىقىنى ھېس قىلىشىدۇ.

پۇل قۇدۇققا چۈشۈپ كەتتى. بۇ كۆپلىگەن كارخانا كاتتىۋاشلىرىنىڭ تاشقى دۇنياغا ئوچۇق ئاشكارا دېيەلمەيۋاتقان پىچىرلىشىدۇر. يۇقىرى دەرىجىلىك مالىيە مۇتەخەسسىسلارغا بىنائەن چېۋرون، ئېكسون، سونىي، BMW قاتارلىق شىركەتلەرنىڭ ختايدا مىليارتلاپ دوللار مەبلىغى بار. بىراق، ئۇلار مەبلەغلىرىنى ئۆز دۆلىتىگە قايتۇرۇپ كېتەلمەيدۇ. ختاي ئۇلارنىڭ دوللارلىرىغا ئېھتىياجلىق بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىغا يول قويمايدۇ. مەبلەغ سېلىش ساھەسىدىكى كۆپلىگەن كىشىلەر ماڭا ختاينىڭ 2015 ـ يىلىدىن بۇيان غەربلىك ھېچبىر مەبلەغ سالغۇچىنىڭ مەبلىغىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشىگە يول قويماپتۇ.

خايمەن كاپىتال باشقۇرۇش شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى كايل باس (Kyle Bass) 2019 ـ يىلى ماڭا مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئەگەر ختاي ئىقتىسادىنى ئاشۇرىمەن دېسە، زاپاس بايلىقىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. چۈنكى، ختاي دۇنيانىڭ باشقا قىسمى بىلەن ئاشۇ ئىقتىسادىي ئىشىشقا تايىنىپ تۇرۇپ تېخىمۇ كۆپ سودا قىلالايدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ختاي مالىيە بالانسىنى ئېشىپ بارىدىغان تەڭپۇڭلۇقتا ساقلىغان تەقدىردىلا، بۇ ھىيلە ـ نەيرەڭ ئويۇننى داۋاملاشتۇرالايدۇ. يەنى، ختاينىڭ قولىغا كىرگەن پۇل چىقىپ كەتكەن پۇلدىن كۆپ بولىدۇ. ئۆتكەن ئون يەتتە يىلدا ختاينىڭ چۈنتىكىگە نەق پۇلنىڭ كىرىشى ئىزچىل ئېشىپ ماڭدى. بىراق 2018 ـ يىلى، 2001 ـ يىلىدىن بۇيانقى تۇنجى نۆۋەت ختاينىڭ ئىقتىسادى ئېشىشدا چېكىنىش بولدى.»

ختاي دۆلەتلىك ستاتىستىكا ئىدارىسى The national Bureau of Statistics of) 2018 (China ـ NBS ـ يىلى ختاينىڭ يىگىرمە سەككىز يىلدىن بېرى ئىچكى ئىشلەپ چىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئەڭ تۆۋەن بىر يىل بولغانلىقىنى، بۇ يىلدا پەقەت 6.6 پىرسەنتلا ئېشىش بولغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان سان ـ سىفىرلارنى ئاشكارلىدى. بۇ ئىدارىنىڭ قوللانغان ئۇسۇلى نائېنىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ختاينىڭ ھەرقايسى ساھەسىدىكى ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش قىيىن. چەتئەللىك كۆپلىگەن مالىيە ئانالىزچىلىرى ختاي ئوتتۇرىغا قويغان بۇ سانلىق مىقدارىنىڭ چىنلىقىدىن گۇمانلىنىدۇ.

ختاي دۆلەتلىك ستاتىسكا ئىدارىسى بۇ سانلىق مىقدارنى ئېلان قىلىپ بىر نەچچە ھەپتىدىن كېيىن، باس بىر ماقالە ئېلان قىلغان بولۇپ، ماقالىدە مۇنداق دېيىلگەن:«ختاينىڭ

ئاساسلىق ئىقتىسادى كۆرسەتكۈچى ھېسابلانغان سانائەت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى، ماشىنىلارنىڭ سېتىلىش مىقدار، مال ـ ئەشيالارنىڭ پارچە سېتىلىش مىقدارى ۋە مەبلەغ سېلىش ئومۇمىي سومىمىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆتكەنكى يىللارغا سېلىشتۇرغاندا ئەڭ تۆۋەن ھالەتكە چۈشكەن بولۇپ، بۇنىڭدىكى سەۋەب ئىلگىرىكى سېتىش غىدىقلىشىنىڭ تۆۋەنلىشى، بۇنىڭدىن سىرت خىتاينىڭ قەرزىنىڭ داۋاملىشىشى خىتاي ئىقتىسادىنىڭ چۈشۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.»

قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدىكى مەنپىيلىك سودا ۋە مەبلەغ سېلىشتا ئاستىلاشتىن كېلىپ چىققان. بۇ ھال قىسقا مەزگىللىك ئىچكى ھېساباتتا ئاساسلىق ئىككى جەھەتتىن زىددىيەتلىك ئەھۋال كۆرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىرىنچىسى، خىتاي تېخىمۇ كۆپ چەتئەل مەبلىغى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىقتىسادى ئېشىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئېھتىياجلىق بولىدۇ. ئىككىنچىسى، خىتاي چەتئەل مەبلەغ سالغۇچىلىرى ئېرىشكەن پايدىنى سىرتقا چىقىرىۋەتمەيدۇ. گەرچە بۇ مەبلەغ سېلىشتىكى ھالقىلىق مەسىلە بولسىمۇ، بىراق خىتاي ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېشىشنى ئويلىشىدىكەن، چەتئەلدىن كىرگەن بىر سېنتنىمۇ قويۇۋەتمەسلىكى كېرەك بولىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئۆز غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ.


ئەگەر بىرى ئالدامچىدەك كۆرۈنىدىغان بولسا، قىلمىشلىرى ئالدامچىلىق قىلمىشى بولسا، ئەمما، ئۆزىنىڭ ئالدامچىلىقىنى ئىنكار قىلسا، ئۇ كىم بولۇشى مۇمكىن؟ ئۇ دەل خىتايدۇر.

ئۇنداقتا ئۇنىڭغا مەبلەغ سالغۇچىلار كىم؟

ئۇلار يا ئاشۇ ئالدامچىنىڭ شېرىكى، ياكى شۇ ئالدامچىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچى. ئەلۋەتتە، ئالدامچى ۋە شېرىكلىرىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان بىر سۆزى بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ «قاپاق كاللا»دۇر.

(داۋامى كېيىنكى سانلاردا ئۇلاپ ئېلان قىلىنىدۇ)

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى


ئەلی
ئزەت
بگوڤیچ

# ئەلى ئىززەت بېگوۋىچ

«ئۇنتۇلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق تەكرارلىنىدۇ.»
— ئەلى ئىززەت بېگوۋىچ

ئەلى ئىززەت بېگوۋىچ ياۋروپالىق مۇسۇلمان سىياسىئون، دۆلەت قۇرغۇچى بولۇشتىن سىرت، 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا شەرق ۋە غەرب دۇنياسىغا تەسىر كۆرسەتكەن ئىسلام مۇتەپەككۇرىدۇر.

1990 ـ يىلى بوسنىيە پرېزدېنتى بولۇپ سايلانغان ئەلى ئىززەت بېگوۋىچ، 1994 ـ يىلى، 5 ـ نويابىر كۈنى گېرمان ژۇرنالىستىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق دېگەن:«مەن چېدامچان بولغان بولسام، بۇنىڭدىكى سەۋەب ئاۋۋال مۇسۇلمان بولغانلىقىم، ئاندىن ياۋروپالىق بولغانلىقىم ئۈچۈندۇر. ياۋروپا بەزى خاتالىقلارنى قىلىۋاتىدۇ، ئۆپئوچۇق ھەقىقەتلەر كۆرۈنۈپ تۇرۇقلۇق، ئۆز خاتالىقلىرىدىن ۋاز كەچمەيۋاتىدۇ. مەسىلەن، مۇشۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا بوسنىيەدە يۈزلىگەن چېركاۋ ۋە مەسجىدلەر ۋەيران قىلىندى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ياۋروپالىقلار ۋەيران قىلدى. بوشناقلار ھېچبىر قۇرۇلۇشنى ۋەيران قىلغىنى يوق. ئوسمانلى تۈرك ھاكىمىيىتى دېگەندەك كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسىمۇ، بىراق خرىستىئان خەلقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىن قالغان مىراسلىرىنى بەش يۈز يىل مۇھاپىزەت قىلغان ئىدى. بېلگراتتىقا يېقىن جايدىكى فرۇشكا گورا چېركاۋلىرى ئوسمانلى دۆلىتى ھاكىمىيىتى ئاستىدا ئۈچ يۈز يىل ساقلىنىپ قالغان ئىدى. ئەپسۇسكى، ياۋروپا ھاكىمىيىتى ئاستىدا بۇ چېركاۋلار ئۈچ يىلمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالماي، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ياۋروپالىقلار تەرىپىدىن كۆيدۈرۈپ تاشلاندى.»

كۈچلۈك ياۋروپادىكى ئاجىز مۇسۇلمانلارنىڭ لىدىرى، يېڭى قۇرۇلغان تەسىر كۈچى يوق دۆلەتنىڭ پرېزدېنتى ئەلى ئىززەت بېگوۋىچنىڭ يۇقىرىقى باياناتلىرىدىن شۇ نەرسە كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۆز قەۋمىنىڭ ۋە ئۆزى تاللىغان ئەقىدىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش يولىدىكى ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان جەسۇرلۇق لىدىر بولغۇچىنىڭ مەنۋىي تاجىدۇر. تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن بىر ھەقىقەت شۇكى، جەسۇر لىدىرلار قىلالايدۇ، ئەگەشتۈرەلەيدۇ ۋە باش ئەگدۈرەلەيدۇ.

ئەلى ئىززەت بېگوۋىچ 1925 ـ يىلى 8 ـ ئاۋغۇست بوسنىيە ـ ھېرتسگوۋىنادىكى بوسانسكى شاماتس شەھرىدە تۇغۇلغان. ئۇ تۇغۇلغاندا بۇ زېمىندا يۇگوسلاۋىيە پادىشاھلىقى (1918 ـ 1929) ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئىدى.

يۇگوسلاۋىيە زېمىنىنىڭ بىر بۆلىكى سىربىستان دەپ ئاتىلاتتى. ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقى بۇ زېمىنلارنى 1389 ـ يىلدىن 1878 ـ يىلغا قەدەر ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇتقان ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ زېمىنلار ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ (1878 ـ 1918) كونتروللۇقى ئاستىدا بولغان ئىدى.

ئەلى ئىززەت بېگوۋىچنىڭ مەرتىۋىلىك بىر ئائىلىدىن كەلگەن، ئۆزى بىلەن ئوخشاش ئىسمىدىكى چوڭ دادىسى ئىستانبۇلدا ئوسمانلى ئارمىيىسىدە ئەسكەرلىك قىلىۋاتقان مەزگىلدە، ئۈسكۈدارلىق تۈرك قىزى سىدىقە خانىم بىلەن توي قىلغان. ئەلىنىڭ ئەجدادلىرى ئەسلىدە بېلگرادتا ياشايتتى. 1863 ـ يىلى سىربىستاندىن سۈرگۈن قىلىنغان مۇسۇلمانلارنىڭ يەرلىشىشى ئۈچۈن سۇلتان ئابدۇلەزىز ساۋا دەرياسى بويىدا قۇرغان ئەزىزىيەگە كۆچكەن. كېيىن، ئەلىنىڭ چوڭ دادىسى بوسانسكى شاماتس دەپ ئاتالغان بۇ شەھەرنىڭ باشلىقى بولغان.

ئەلىنىڭ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن دادىسى مۇستافا بالىلىرىنى ياخشى تەربىيىلەش ئارزۇسىدا بوسانسكى شاماتستىن ئائىلىسى بىلەن سارايېۋوغا كۆچۈپ كەلگەن. بۇ چاغدا ئەلى ئىككى ياشتا ئىدى. ئائىلىسىدە ياخشى تەربىيە ئالغان، بولۇپمۇ ئانىسىدىن دىنىي تەلىم ئالغان ئەلى ساراي بوسنادىكى داڭلىق مەكتەپلەردىن بىرى بولغان ئوغۇللار بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇغان. بۇ مەكتەپتە بىر مەزگىل كوممۇنىستلارنىڭ تەشۋىقاتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. مۇشۇ دەۋرلەردە ئوقۇغان غەرب پەلسەپىسىگە ئائىت ئەسەرلەرنىڭ تەسىرى بىلەن — ئۆزىنىڭ ئېيتقىنىدەك — ئېتىقادىدا داۋالغۇش بولغان. ئەمما ھېچقاچان ئىسلام بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزمىگەن. كوممۇنىستلارنىڭ دىنسىزلىق نەزەرىيىلىرىنى قوبۇل قىلمىغان. كاتتا پەيلاسوپ كانتنىڭ «نوقۇل ئەقىلگە تەنقىد»، سپېڭلېرنىڭ «غەربنىڭ چۆكۈشى» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان. ياشلىقىدا بىر مەزگىللىك ئىدىيە داۋالغۇشىدىن كېيىن، ئىسلامىي كىملىكىدە مەھكەم تۇرۇش يولىنى تاللىغان. ئەلى ئىززەت بېگوۋىچ ياش چاغلىرىدىلا ئۆز دۆلىتىدىكى مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان ئايرىمچىلىققا قارشى چىقىدىغان شەخسلەر ئارىسىدا يەر ئالغان.

ئەلى ئىززەت بېگوۋىچ 1943 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈردى. يېقىن ـ يورۇقلىرىنىڭ باھاسىچە، ئۇ تولۇق ئوتتۇرىنى ئۆكتىچى خاراكتېرگە ئىگە بىر ياش سۈپىتىدە پۈتتۈرگەن ئىدى. مۇشۇ يىلى، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە «يۇگوسلاۋىيە دېموكراتىك فېدېرال جۇمھۇرىيىتى» ئىسمىدا ۋاقىتلىق دۆلەت قۇرۇلدى.

1945 ـ يىلى تىتو لېدېرلىقىدىكى پارتىزانلار قوشۇنى سارايېۋونى قولىغا ئالغاندا، ئەلى ئىززەت بېگوۋىچ سىربلار تەرىپىدىن ئەسكەرلىككە قاتناشتۇرۇلدى. 1946 ـ يىلى ئەلى ئىلگىرىكى تەشكىلاتچىلىق ۋە مەلۇم دەرىجىدىكى ئىسلامىي پائالىيەتلىرى سەۋەبلىك 1946 ـ يىلى ئون تۆت بۇرادىرى بىلەن بىرلىكتە تۈرمىگە تاشلاندى. بۇ تېتونىڭ «يۇگوسلاۋىيە فېدېرال خەلق جۇمھۇرىيىتى»نى ئېلان قىلغان يىلى ئىدى. ئەلى ئۈچ يىل تۈرمىدە يېتىپ چىققاندىن كېيىن خالىدە خانىم بىلەن توي قىلدى. ئاندىن ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇشۇنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئاتلاندى. دەسلەپتە دېھقانچىلىق فاكۇلتېتىغا كىرىپ، ئوقۇشىنىڭ يېرىمىنى تۈگەتكەندىن كېيىن قانۇن فاكۇلتېتىغا كۆچتى. 1956 ـ يىلى ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈردى.

ئەلى ئىززەت بېگوۋىچ كىتاب ئوقۇشقا بەك ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ياشلىقىدىن بېرى كوممۇنىست رېجىمنىڭ باستۇرۇشلىرىغا قارىماي ئەركىن پىكىرلىرىنى يېزىپ تۇراتتى. ياشلارغا كۆڭۈل بۆلەتتى. ئەلى ئىززەت بېگوۋىچ ئىلمىي ۋە پىكرىي ئارتۇقچىلىقى، زىيالىيلىق ئالاھىدىلىكى ۋە مۇسۇلمانلىق كىملىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان پىكىرلىرى بىلەن تېزلا دىققەتكە سازاۋەر بولدى. ئىسلامىي مەيداندا تۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلىرى بوشناقلار ئارىسىدىلا ئەمەس، سابىق يۇگوسلاۋىيەدىكى خىلمۇ خىل ئېتنىك گۇرۇپپىلارغا مەنسۇپ مۇسۇلمانلارغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. بۇ رەۋىشتىكى پىكىر ۋە پائالىيەتلىرى سەۋەبلىك ھاكىمىيەتنىڭ زەربە ئوبيېكتىغا ئايلاندى. 1970 ـ يىللاردا بىر بۆلۈك سەپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە يېزىپ ئېلان قىلغان «ئىسلام خىتابنامىسى» نامىدىكى كىتابچە دۆلەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا زور تەسىر قوزغىدى. بوسنىيە ـ ھېرتسىگوۋىنا ۋە يۇگوسلاۋىيە مۇسۇلمانلىرىدىن سىرت، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا ۋە ئىنسانىيەتكە ئۆز دىنداشلىرى ئۈستىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئەسلىتىدىغان بۇ خىتابنامىنىڭ يازغۇچىلىرى كېيىن سىياسىي باستۇرۇشقا دۇچ كەلدى.

ئەلى ئىززەت بېگوۋىچ بۇ دەۋرلەردە «يۇگوسلاۋىيە سوتسىيالىستىك فېدېرال جۇمھۇرىيىتى» دەپ ئاتالغان كوممۇنىستىك دۆلەتنىڭ پۇقراسى بولۇپ ياشىماقتا ئىدى.

1980 ـ يىلى تىتو ئۆلگەندىن كېيىن، يۇگوسلاۋىيەنىڭ ۋەزىيىتى تېخىمۇ ناچارلىششقا يۈز تۇتتى. 1983 ـ يىلى ئەلى ئىككىنچى قېتىم قولغا ئېلىنندى. ئەلى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كۆپلىگەن زىيالىيلار «قانۇنىي تەرتىپنى بۇزىدىغان تەشكىلات قۇرۇشقا ئۇرۇنغان» دېگەن جىنايەت بىلەن سوتلىنىپ، تۈرمىگە تاشلاندى. سوتتا ئەلىگە تەشكىلاتنىڭ لىدېرلىق جىنايىتى ئارتىلدى ۋە ئون تۆت يىللىق قاماق جازاسى بېرىلدى. ئەلى بىلەن بىللە تۈرمىدە ياتقان سەپداشلىرى كېيىنكى مۇستەقىللىق كۈرىشىنىڭ يادروسى بولۇش رولىنى ئوينىدى.

1987 ـ يىلى ئۇنىڭغا قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ كەچۈرۈم سوراش ۋە سىياسىي پائالىيەتكە ئىككىنچىلەپ ئاياق باسماسلىققا ۋەدە بېرىشى نەتىجىسىدە قويۇپ بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدا تەكلىپ سۇنۇلدى. ئەلى بۇ تەكلىپنى رەت قىلدى. كوممۇنىست دۇنياسى چۆكۈشكە يۈزلەنگەن بۇ پەيتلەردە ئىسلامىي ۋە دېموكراتىك ئەللەرنىڭ تەلەپ قىلىشى نەتىجىسىدە، ئەلى 1988 ـ يىلى، 25 ـ نويابىر تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلدى. بۇ چاغدا ئۇ ئاتمىش ئۈچ ياشتا ئىدى. 1990 ـ يىلى مارت ئېيىدا «دېموكراتىك هەرىكەت» پارتىيىسىنى قۇردى. مۇسۇلمانلارنىڭ تەسىر كۈچى بار رايونلاردا تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىشكە باشلىدى. يۇگوسلاۋىيەنىڭ پارچىلىنىش پەيتىدە سىياسەتكە ئىشتىراك قىلىپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئۆز پارتىيىسىنى بارغانچە كۈچەيتكەن ئەلى ئىززەت بېگوۋىچ 1990 ـ يىلىدىكى سايلامدا غەلىبە قازىنىپ بوسنىيە ـ هېرتسگوۋىنا پرېزدېنتى بولۇپ سايلاندى. 1991 ـ يىلى ئۆكتەبىردە بوسنىيە ـ هېرتسگوۋىنانىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېلان قىلدى. مۇشۇ يىلى مارت ئېيىدا ئېلىپ بېرىلغان نوپۇس ستاتىستىكىسىدا بوسنىيە ـ هېرتسگوۋىنانىڭ نوپۇسى 4.5 مىليون ئىدى. بوسنىيە ـ هېرتسگوۋىنا ئەسلىدە يۇگوسلاۋىيە فېدراتسىيىسىنى تەشكىل قىلغان، يۇگوسلاۋىيەگە باغلىق جۇمهۇرىيەتلەردىن بىرى ئىدى. بىراق، دۆلىتى سىرپلارنىڭ هۇجۇمىغا ئۇچرىدى ۋە سىرپلارغا قارشى ئۈچ يىل قانلىق جەڭ قىلىش نەتىجىسىدە، 1995 ـ يىلى 14 ـ دېكابىردا بوسنىيە ـ هېرتسگوۋىنانى مۇستەقىل دۆلەت دەپ تونۇيدىغان دايتون كېلىشىمى ئىمزالاندى.

مۇشۇ يىلى 11 ـ ئىيۇل باشلانغان قەتلىئامدا ئەلى ئىززەت بېگوۋىچنىڭ خەلقىدىن يۈز مىڭلىغان كىشى سىرپ ئەسكەرلىرىنىڭ قەتلىئامىغا دۇچ كەلگەن بولۇپ، بۇ قەتلىئام ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدا يۈز بەرگەن قەتلىئامدىن كېيىن، ياۋروپادىكى ئەڭ چوڭ قەتلىئام هېسابلىنىدۇ. بۇ هەقتە باشقا ماقالىدە مەخسۇس توختىلىمىز.

پرېزدېنت ئەلى ئىززەت بېگوۋىچ ئۇرۇش مەزگىلىدە ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن خەلقئارانىڭ كۈچلۈك بېسىمىغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، بوسنىيە ـ هېرتسگوۋىنانىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن دىپلوماتىيە ۋە ئەسكىرىي جەھەتتە كۈچلۈك تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. 1996 ـ يىلى 14 ـ ئىيۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى سايلامدا بوشناق، هىرۋات ۋە سىرپ ۋەكىللىرىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن ئۈچ تەرەپلىك رەئىسلىك كومىتېتىغا تاللاندى ۋە كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالدى. 1998 ـ يىلىدىكى سايلامدىمۇ غالىپ كېلىپ كومېتىتنىڭ رەئىسلىكىنى داۋام قىلدى. سالامەتلىك ئەھۋالىنىڭ خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇشىغا يار بەرمەسلىكى سەۋەبلىك 2000 ـ يىلى ئىيۇلدا خىزمىتىدىن چېكىنىپ، پرېزېنتلىقنى ئۆتكۈنۈپ بەرگەن. 2003 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

ئىسلامىيەتنىڭ دىنىي ۋە ماددىي جەھەتتە بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن مۇكەممەل سىستېمىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈردۇ. شەرق دۇنياسىدىكى هاياتنىڭ روهىي ـ مەنىۋىي تەرىپىگە ئەهمىيەت

بېرىشنىڭ، غەرب دۇنياسىدىكى ماددىنى ئاساس قىلىشنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ ناتوغرا ئىكەنلىكىنى؛ ئىسلامىيەتنىڭ ھەم روھىي، ھەم ماددىي جەھەتكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

ئۇنىڭ دۆلەتچىلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېڭى بوسنىيەلىكلەرگىلا ئەمەس، پۈتۈن دۇنياغا ئۈلگە بولۇشقا ئەرزىيدۇ.

ئەلى ئىززەت بېگوۋىچنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن «ئىسلامنىڭ ماياكى»، «ئىسلام خىتابنامىسى ۋە ئىسلامىي ئويغىنىشتىكى مەسىلىلەر»، «تارىختا شاھىدلىقىم»، «شەرق ۋە غەرب ئارىسىدا ئىسلام»، «ئەركىنلىككە قېچىشىم: زىنداندىن خاتىرىلەر»، «نۇتۇقلىرىم» قاتارلىقلار بار.

ئەلى ئىززەت بېگوۋىچنىڭ مەشھۇر سۆزلىرىدىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

«بىزمۇ زالىملاردىن بولساق، زۇلۇمغا قارشى جەڭ قىلىشىمىزنىڭ ھېچبىر مەنىسى قالمايدۇ.»

«ھەر ئىش ئاخىرلاشقىنىدا ئېسىمىزدە قالىدىغان ئىش دۈشمەنلىرىمىزنىڭ سۆزلىرى ئەمەس، دوستلىرىمىزنىڭ سۈكۈتىدۇر.»

«يەر يۈزىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇش ئۈچۈن، كۆك يۈزىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇش لازىم.»

«دىن خۇراپاتلىقلارنى يوق قىلمىسا، خۇراپاتلىق دىننى يوق قىلىدۇ.»

«ئۇرۇشتا دەھشەتلىك زۇلۇمغا ئۇچرىدىڭلار. زالىملارنى كەچۈرۈش، كەچۈرمەسلىكتە ئىختىيارلىق ئۆزۈڭلاردا. نېمە قىلساڭلار قىلىڭلاركى، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئۇنۇتماڭلار. چۈنكى، ئۇنتۇلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق تەكرارلىنىدۇ.»

«ھەممىگە قادىر زات ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، قۇل بولمايمىز.»

«سەنئەت ئۈچۈن يالىڭاچلانغۇچىنى ئالقىشلىغانلار، ئاللاھ ئۈچۈن كىيىنگۈچىگە نېمىشقا زۇلۇم قىلىدۇ؟»

«ھەقىقىي ۋەتەنسۆيەر ئۆز ۋەتىنىنى باشقا ۋەتەنلەردىن ئۈستۈن كۆرگۈچى ئەمەس. ھەقىقىي ۋەتەنسۆيەر دېگەن ئۆز ۋەتىنىنىڭ ماختاشقا لايىق بولۇشى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغۇچىدۇر.»

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى



# بايدىن دەۋرىدىكى ئامېرىكا خىتايغا يۇمشايدۇ

دانىيېل بىير

# بايدىن دەۋرىدىكى ئامېرىكا خىتايغا يۇمشامايدۇ

## دانىيېل بىير

بېيجىڭ بەلكىم ئۆزگۈرۈشچانلىقى تۆۋەنرەك ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنى خالىشى مۇمكىن. بىراق، ئۇ بايدىننىڭ (ئۆزگە نىسبەتەن) يۇمشاقراق بولۇشىنى تاما قىلىپ يۈرمەسلىكى كېرەك.

بايدىن باشچىلىقىدىكى ئاقساراي خىتاي سىياستى جەھەتتە پرىزدېنت دونالد ترامپنىڭ (شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرىغا كۆز يۇمۇۋېلىشى قوشۇلۇپ) خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ نامىنى ماختاپ تىلغا ئېلىشى، بىر بولسا خىتاي بىلەن تاموژنا بېجى ئۇرۇشىغا چۈشۈشى قاتارلىق ھېلىدىن ھېلىغا ئۆزگۈرۈپ تۇرىدىغان يول تۇتقان ترامپ ھۆكۈمىتىگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇقىم ۋە بىر ـ بىرىگە ماسلىشىدىغان يول تۇتۇشى مۇمكىن. باش ئاخىرى ماسلاشقان ئىستراتېگىيە تۇتۇش خىتاي بىلەن بولغان مۇرەككەپ ۋە قىيىن مۇناسىۋەت ئۈچۈن مۇقىملىق ئېلىپ كېلىدۇ. بىراق، تۇراقلىق مۇئامىلە قىلىش ھەرگىزمۇ يۇمشاقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. چۈنكى، ئامېرىكادىكى ئىككىلى پارتىيە خىتاينى ئىستراتېگىيىلىك رەقىب دېيىشتە بىرلىككە كېلىپ بولغىنى ئېنىق. شۇنىسى ئېنىقكى، بەلكىم بېيجىڭ ئالدىن پەرەز قىلغىلى بولىدىغان سۆھبەتچىگە روبىرو كېلىدىغانلىقىنى ئۈچۈن خۇشال بولۇشى مۇمكىن. بىراق، بېيجىڭ ئامېرىكانىڭ يېڭى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزگە يۇمشاق بولۇشىنى ئارزۇلىسا بولمايدۇ.

بايدىنغا ياردەم بېرىش ئامېرىكا تاشقى سىياسىتىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ پرىزدېنتنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق يۈرۈشىدىغانلىقى، بۇ سەۋەبلىك ئىچكى سىياسەتنىڭ چەكلىمىسىگە بوشراق ئۇچرايدىغانلىقىنىڭ رېئاللىق ئىكەنلىكىدۇر. بىراق، ناۋادا جۇمھۇرىيەتچىلەردىن مىچ ماككونېلنىڭ ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىنى كونترول قىلىشى داۋاملاشسا، ئۇ ھالدا كېڭەش پالاتاسىدىكى جۇمھۇرىيەتچىلەر دەسلەپتە يولۇقىدىغان سىناقلاردىن بىرى، يېڭى پرىزدېنتنى ئەدەپلەيمەن دەپ ئامېرىكاغا زىيان يەتكۈزۈش بولۇشى مۇمكىن. ئامېرىكا خىتاي ۋىرۇسىنى يېڭىش ۋە ئىقتىسادنى يېڭىدىن جانلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇل مۇئەسسەسەلەرگە مەبلەغ سېلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاساستا كۈچلۈك بىر ئىقتىسادىي تۈرتكىگە ئېھتىياجلىق. خىتايغا تېخىمۇ قاتتىق بولۇشنىڭ تەرەپدارى بولغان جۇمھۇرىيەتچىلەر چوقۇم ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ كۈچلۈك بولۇشىنىڭ بىر ئىستراتېگىيىلىك تەخىرسىزلىك ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

بەزى مۇلاھىزىچىلەر ترامپ پرىزدېنتلىقى ۋە ئۇنىڭ قەدىرسىز ئاقىۋىتى خىتاي ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنى جاسارەتلەندۈردى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز سىستېمىسىنىڭ ئۈستۈنلۈكىگە بولغان ئىشەنچىنى ئاشۇرۇۋەتتى دەپ

قارايدۇ. سايلام كۈنى ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ تەشۋىقات گېزىتى بولمىش يەرشارى ۋاقىت گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى خۇ شىجىن تىۋىتىردا ئامېرىكادىكى ھەر قايسى شەھەرلەردىكى دۇكانلارنىڭ تاقىلىشقا يۈز تۇتقانلىقىدىن گۇلقەقەلىرىنىڭ ئېچىلىپ كەتكەنلىكىنى ئىپادىلەپ، مالىمانچىلىق ئادەتتە «نامرات دۆلەتلەردىكى قىيىن مەسىلە، ئەمدى بۇنىڭ ئامېرىكادا كۆرۈلۈش مۇمكىنچىلىكىنى كىشىلەرنى ئەندىشىگە سالىدى. ئامېرىكا خارابىلىشىۋاتىدۇ» دەپ يازدى. ختاي پۇقرالىرىنىڭ مۇستەبىت ختاي رېجىمىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ قانداق سايلانغانلىقىنى كۆرمەسلىكى ئۈچۈن، ختاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۆز دېرىزىلىرىنى ئىچىدىن تاقىۋالغانلىقىنى ئەسكەرتىش لازىم ئىدى، ئەلۋەتتە.

ترامپنىڭ غەيرى ئىش - ئىزلىرىنىڭ خەلقئارادا ئامېرىكا دېموكراتىيىسىنىڭ يۈزىگە داغ چۈشۈرگەنلىكىنى ئىنكار قىلالمايمىز، ھەم رەت قىلالمايمىز. ئەمما، بۇ جەھەتتە كۆپتۈرمىچىلىك قىلماسلىقىمىز لازىم. ئاقىۋەتتە، گىگانت، كۆپ ئىرقلىق، كۆپ دىنلىق، سانائەتلەشكەن دېموكراتىيە دۆلىتى ئامېرىكا ئاقىۋىتى پەيتى كەلمىگۈچە بىلىنمەيدىغان بىر سايلام ئېلىپ باردى. بۇ سايلىغۇچىلارنىڭ قاتنىشىش خاتىرىسىنى شەكىللەندۈردى، شۇنداقلا ختاي ۋىرۇسى مەزگىلىدە كۆپ دىشۋارچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارماستىن ئېلىپ بېرىلدى. بۇ سايلام نۆۋەتتىكى پرېزىدېنت ۋە يېڭى پرېزىدېنت ئۈچۈن مەغلۇبىيەت ئېلىپ كەلدى.

بايدىننىڭ ئامېرىكانى بۆلۈنگەن ھۆكۈمەت ئارقىلىق يېتەكلەپ مېڭىش مۇمكىنچىلىكى چوڭ. ئۇنىڭ ھۆكۈمىتى دۆلەتنىڭ 21 - ئەسىردىكى رىقابەتكە تاقابىل تۇرالىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ئەسلىھەلەر بىلەن جابدۇيدىغان كېلىشىملەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن (ختايغا بولغان ئىستراتېگىيىلىك رىقابەتمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئوخشىمىغان سايلام رايونلىرىدىن كەلگەن كېڭەش پالاتا ئەزالىرى ۋە ۋەكىللەر بىلەن ھەمكارلىشىشى ۋە مۇرەسسەلىشىشى كېرەك. بۇ قالايمىقانچىلىققا ۋە رىقابەتكە تولغان ھالدا يۈز بېرىدۇ، بۇ جەھەتتىكى ئىلگىرىلەش تۈز سىزىقلىق ھالەتتە بولمايدۇ. ھالبۇكى، بۇ ھەرگىزمۇ بىر يېڭى ھېكايە ئەمەس، بەلكى بۇرۇندىن داۋاملىشىپ كەلگەن ھېكايە. ختاي رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنى يىراقنى كۆرەر دەپ كۆرەڭلەپ كېتىشىدۇ. نۆۋەتتە ئامېرىكا كۆپلىگەن ئىچكى ۋە تاشقى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى. بىراق، ئۇزاق مۇددەتتىن قارىغاندا، دېموكراتىيە ئاجىزلىقنىڭ ئەمەس، كۈچنىڭ مەنبەسىدۇر.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

/https://foreignpolicy.com/2020/11/06/biden-china-trump-election

# ئامېرىكا پرېزىدېنت سايلىمىنىڭ 10
# رەقەم ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلۈشى



# ئامېرىكا پرېزدېنت سايلىمىنىڭ 10 رەقەم ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلۈشى

شەنبە كۈنى دېموكراتلار پارتىيىسىدىن بايدىن ئامېرىكا پرېزدېنت سايلىمىدا غەلبە قىلغان بولۇپ، ئۇ سەيشەنبە كۈنى سايلام ساندۇقلىرى ئېتىلىپ نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئاران ئاخىرى نەتىجە چىقىرىلغان مۇشۇنداق جىددىي سايلامدا، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىن بولغان پرېزدېنت ترامپ ئۈستىدىن غالىب كەلدى.

دۇنيا مىقياسىدىكى يۇقۇملۇق كېسەللىك ۋە دۇنياۋى ئىقتىسادىي چېكىنىش يۈز بېرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، جىددىي ئېلىپ بېرىلغان تارىخىي خاراكتېرلىك ئامېرىكا پرېزدېنتلىق سايلىمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان 10 رەقەمنى رەتلەپ چىقتۇق. بېرىلگەن سانلىق مەلۇماتلار شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىنكىچە بولغان كۈچكە ئىگە سايلام بېلەتلىرىگە ئاساسەن ھېسابلاندى.

[65 مىليون]

يۇقۇم سەۋەبىدىن سايلىغۇچىلارنىڭ يېرىمىغا يېقىنى، يەنى 65 مىليون سايلىغۇچى ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى ئارقىلىق بېلەت تاشلاشقا مەجبۇر بولدى. ئامېرىكا سايلام كومىتېتى تەرىپىدىن كۆزىتىلىۋاتقان ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى ئارقىلىق تاشلانغان بېلەتلەرنىڭ قالايمىقانچىلىقى ھەر قايسى شتاتلاردىكى بېلەت ھېسابلاشقا مەسئۇل خادىملارنى ھاردۇرۇپلا قالماي، پۈتۈن دۇنيانى نەچچە كۈن ساقلىتىپ، تاقەتسىزلەندۈرۈۋەتتى.

[18%]

مەيلى شەھەر ئەتراپىدا بولسۇن، مەيلى ھاللىق سەۋىيىگە يۈزلەنگەن رايونلاردا بولسۇن بايدىن ترامپتىن كۆپ بېلەتكە ئېرىشكەن. ئوقۇمۇشلۇق سايلىغۇچىلارنىڭ ترامپنى قوللىماسلىقى سەۋەبلىك، شەھەر ئەتراپىدىكى رايونلاردا بايدىنغا تاشلانغان بېلەت سانى 18% ئاشتى. جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنى قوللايدىغان يېزا ـ قىشلاق رايونلىرىدا بېلەت سانىنىڭ ئېشىشى ئاز بولدى.

[4 مىليون]

ئامېرىكالىقلار ئالاھىدە ئامېرىكا سايلام سېستىمىسىدا، ئەڭ ئاخىرقى غەلبە قىلغۇچىنى بەلگىلەيدىغان سايلام كومىتېتىدىكى رىقابەتنى كۆزىتىش ئۈچۈن، نەق ئۈچ كۈن بويىچە ئېكرانلارغا تىكىلىپ ئولتۇرۇشتى. پۈتۈن سايلىغۇچىلار بېلەت تاشلاپ بولمايلا بايدىنىنىڭ ئېرىشكەن بېلەت سانى 4 مىليون ئېشىپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن زەپەر مارشى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى.

**[58%]**

بۇ ترامپنى قوللايدىغان ئاق تەنلىك ئەر سايلىغۇچىلارنىڭ نىسبىتى بولۇپ، ئېدىسون تەتقىقات ئورنىنىڭ كۆرسىتىشىچە، 2016 ـ يىلىغا سېلىشتۇرغاندا، پرېزىدېنتلىق سىياسىي ئاساسىدىكى مۇھىم رولىنىڭ تەسىرى بىر قەدەر تۆۋەن بولغان. شۇڭا بۇ يىل ترامپنى قوللاش نىسبىتى 4% تۆۋەنلىگەن.

**[2 مىليون]**

تۆت يىل بۇرۇنقى ئەھۋال بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ترامپ يۇقۇم ئەھۋالىدىن ئېغىر زەربە يېگەن رايونلاردا 2 مىليوندىن كۆپ بېلەتكە ئېرىشكەن بولۇپ، دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ 2016 ـ يىلىدىكى سايلامدىكى ئېرىشكەن بېلەت سانىغا قارىغاندا بايدېننىڭكىدىن ئاز بولسىمۇ، يەنىلا ئىلگىرىلەش بولغان. يۇقۇم سايلىغۇچىلار ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ ئەندىشە تۇغدۇرغان بولسىمۇ، 100 مىڭ كىشى بېشىغا 70 دىن كۆپ ئۆلۈم ۋەقەلىرى كۆرۈلگەن رايونلاردا ترامپنىڭ ئېرىشكەن بېلەت نىسبىتى مۇقىم ھالىتىنى ساقلاپ قالغان.

**[7 ـ 42]**

بۇ سان بەلكىم ئامېرىكا پۇتبول مۇسابىقىسى نەتىجىسىدەك كۆرۈنۈشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، بۇ 2016 ـ يىلىدىن بۇيان سىياسەتنىڭ قانداق ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئۆلچەم ھېسابلىنىدۇ.

بايدېن ترامپنىڭ 2016 ـ يىلى قولغا كەلتۈرگەن 42 رايوندا غەلىبە قىلىش يولىدا ئىدى. بايدېن جەڭ مەيدانى ھېچقاچان شتاتىدا، يەنى ترامپنىڭ 2016 ـ يىلى ۋە 2020 ـ يىلىدىكى ئاخىرقى سايلام نۇتۇقىنى سۆزلىگەن، باي، ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ تەرەپدارى بولغان بۇ رايوندا غەلىبە قىلدى. بۇ ۋاقىتتا ترامپ 2016 ـ يىلى دېموكراتلار پارتىيىسى پرېزىدېنت نامزاتى ھىلارى كىلىنتون غەلىبە قىلغان 7 رايوننى قولغا كەلتۈرۈش كويىدا ئىدى.

**[7]**

ترامپ دېموكراتلار پارتىيىسى تەرەپدارى بولغان فىلورىدا شتاتىنىڭ مىئامى ـ دېيد ناھىيىسىدە مەغلۇپ بولغان بولۇپ، 2016 ـ يىلىدىكى 29 پىرسەنتكە سېلىشتۇرغاندا، بۇ قېتىمقى 7% لىك يوقىتىش ئاز ھېسابلىنىدۇ. پرېزىدېنت بۇ يىل قىسمەن لاتىن سايلىغۇچىلىرىنىڭ تېخىمۇ كۆپ قوللىشى بىلەن بۇ شتاتتا قىسمەن غەلىبە قىلغان، بولۇپمۇ پرېزىدېنتنىڭ سوتسىيالىزمغا قارشى ئۇچۇرلىرىنىڭ كۇبا ئەسلىلىك ئامېرىكالىق ۋە ۋېنسۇئېلا ئەسلىلىك ئامېرىكالىق سايلىغۇچىلارنى نىشان قىلغان مىئامى رايوندا تېخىمۇ كۆپ قوللاشقا ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ شتاتتا قايتىدىن غەلىبە قىلدى دېيىشكە بولىدۇ.

[92/70]

بۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بىر شتاتتىكى ياكى كولۇمبىيە رايونىدىكى بايدىن ۋە تىرامپنىڭ ئېرىشكەن سايلام نەتىجىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بايدىن ۋاشىڭتوننىڭ دېموكراتىك مەركىزىگە كىرگەندە، تىرامپ 1964 ـ يىلدىن بۇيان دېموكراتىك پرېزىدېنت نامزاتىنىڭ تەرىپىنى تۇتمىغان ۋيئومىڭ شتاتىنى (Wyoming) قولغا كەلتۈرگەندى. بۇ ناھايىتى دىققەت تارتىدىغان ئىش بولسىمۇ، لېكىن ھەر ئىككى كىشى پەقەت ئۈچتىنلا بېلەتكە ئېرىشتى.

[2]

تىرامپ بايدىندىن قالسىلا بىر قېتىملىق سايلامدا ئەڭ كۆپ بېلەتكە ئېرىشكۈچى ھېسابلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە تىرامپتىن كېيىنكىلا ئورۇندا تۇرۇدىغىنى — بايدىننىڭ كونا خوجايىنى باراك ئوبامادۇر.
2 رەقىمى يەنە تىرامپنىڭ مەزكۇر خەلق سايلىمىدا ئىككى قېتىم ئوتتۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

[0]

بۇ رەقەم تىرامپنىڭ پرېزىدېنت سايلىمىنىڭ (نەتىجىسىنى) قوبۇل قىلىش قېتىم سانىنى كۆرسىتىدۇ. نۆۋەتتە تىرامپنىڭ ئادۋوكاتلىرى بايدىننىڭ غەلبىسىنى قانۇنىي ئاۋارچىلىقلارغا دۇچار قىلماقتا.

ئىنگلىزچىدىن گۈلشەن ئۇيغۇر تەرجىمە قىلدى

مەنبە:

https://www.usnews.com/news/top-news/articles/2020-11-08/factbox-the-us-presidential-election-explained-in-10-numbers


جوشۇئا
فرېمەن

# جوشۇئا فرىمەن

جوشۇئا فرىمەن ئەپەندى ئامېرىكالىق خىتاي تارىخچىسى ۋە ئىچكى ئاسىيا تارىخچىسى. ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتچىسى. دوكتورلۇق ئوقۇشىنى 2019 ـ يىلى ماي ئېيىدا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا تاماملىغان. دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسىنى يىگىرمىنچى ئەسىردىكى ئۇيغۇر تارىخى توغرىسىدا يازغان. نۆۋەتتە ئامېرىكا پىرىنسىتون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرقىي ئاسىيا تەتقىقاتى ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتور ئاشتىلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانماقتا.

جوشۇئا فرىمەن شەرقىي تۈركىستاندا يەتتە يىل ياشىغان. ئۈرۈمچىدىكى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇيغۇر مودېرنىزم شېئىرىيىتى توغرىسىدىكى تەتقىقات ماقالىسى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن ماگىستېرلىقنى ئېرىشكەن.

جوشۇئا فرىمەن ئەپەندى مودېرنىزم ئېقىمىدىكى ئۇيغۇر شائىرلىرى ۋە ئۇيغۇر شېئىرىيەت ھەۋەسكارلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىشتىكى نوپۇزلۇق شەخسلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇ تىۋىتتېردا «جوشۇئا فرىمەن» (Joshua Freeman) ئىسمىدا تۋىتېر ھېسابى ئاچقان بولۇپ، ئۆزى ياقتۇرغان ئۇيغۇرچە شېئىرلارنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىپ، خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىگە سۇنۇپ كەلمەكتە.

چەتئەل تىلىدىكى پايدىلىق ئەسەرلەرنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىشىنىڭ مۇھىم بولغىنىغا ئوخشاشلا، ئۇيغۇرچە ئەسەرلەرنىڭ چەتئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىشىمۇ مۇھىم ھادىسە بولۇپ، جوشۇئا ئەپەندىنىڭ بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى مەلۇم نىسبەتتە تولدۇرۇشى ھەر بىرىمىزنى خۇشال قىلماي قالمايدۇ.

24 ـ نويابىر كۈنى جوشۇئا فرىمەننىڭ «خىتاي مېنىڭ پروففىسورىمنى قامىدى، ئەمما ئۇنىڭ شېئىرنى قامىيالمايدۇ» ناملىق ماقالىسى نيۇيورك ۋاقىت گېزىتىدە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە، جوشۇئا فرىمەن شائىر ئابدۇقادىر جالالىدىن بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى، ئۇنىڭ قاماقتا تۈرۈپمۇ شېئىرنى يېزىشنى توختاتمىغانلىقىنى، قاماقتا يېزىلغان شېئىرلىرىدىن بىرىنىڭ تاشقى دۇنياغا يېتىپ كەلگەنلىكى بايان قىلغان ۋە ئۇنىڭ تۈرمىدە تۇرۇپ يازغان دەپ قارالغان شېئىرىنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى ماقالىگە قىستۇرما قىلغان.

ماقالىدە دېيىلىشىچە، شائىر ئابدۇقادىر جالالىدىنىڭ قاماقتا تۇرۇپ يازغان شېئىرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئېچىنىشلىق باستۇرۇشلىرىنى پاش قىلىشتا كۈچلۈك دەلىل

بولالايدىكەن. جوشۇئا فرىمەن ماقالىسىدە يەنە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىختىن بۇيان شېئىرىيەت بىلەن بولغان كۈچلۈك باغلىنىشىنى، ئۇيغۇرلاردا شېئىرىي تۈسنىڭ ناھايىتى قويۇق ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

ئامېرىكالىق زىيالىي جوشۇئا فرىمەننىڭ ئۇيغۇرلارنى شېئىر بىلەن باغلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ خەلقئارادىكى ئوبرازىنىڭ ئۆسۈشىدە ۋە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى سەپسەتىلىرىنى رەت قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىز جوشۇئا ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئەڭ ئېغىر بالا مۇسىبەت كەلگەن بۇ يىللاردا بىزگە دوستلۇق قولىنى سۇنغانلىقى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە بىر كىشىلىك ھەسسە قوشقانلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋازىنىڭ دۇنياغا ئاڭلىتىلىشىدا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئالاھىدە رەھمىتىمىزنى بىلدۈرىمىز.

**جوشۇئا فرىمەننىڭ تەرجىمە شېئىرىدىن ئارىيە**

كونا دۇنيا

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد

كونا شارابلار كۈنسېرى كۈچلۈك
كونا كىتابلار كۈنسېرى قىممەت
كونا ئىدىيەلەر كۈنسېرى مۇقەددەس
كونا ھېكايىلەر كۈنسېرى يېڭى

2009- يىلى 3- نويابىر، خوتەن

**AN OLD WORLD**

Ghojimuhemmed Muhemmed
tr. Joshua L. Freeman

Old wines are stronger by the day
Old books sell higher by the day
Old ideas grow holier by the day
Old stories are newer by the day

November 2009, Khotan

**ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىغان**



# ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تورىدىن قورقۇشنى يېڭىشنىڭ ئون خىل ئۇسۇلى

# ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تورىدىن قورقۇشنى يېڭىشنىڭ ئون خىل ئۇسۇلى

رېئال ۋە ئۆزگە ئىشەنگەن ئاساستا مۇناسىۋەت تورى قۇرۇپ چىقىش

يىغىنغا قاتناشقىنىڭىزدا، كەسپىي ئىقتىدار يېرمەنكىسىگە قاتناشقىنىڭىزدا، ياكى يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنىغا قاتناشقىنىڭىزدا نېمە ئىش يۈز بېرىدۇ؟ سىز بۇ خىل مۇھىتلاردا باشقىلارغا قوشۇلۇپ، ئۆز-ئارا ماسلىشالامسىز؟ راھەت شەكىلدە خىزمىتىڭىزنى داۋاملاشتۇرالامسىز؟ ياكى بىر بۇلۇڭغا بېرىپ سوغۇق تەرگە چۈمۈلۈپ ئولتۇرامسىز؟

نۇرغۇن كىشىلەرگە نىسبەتەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت كىشىنى قورقۇتىدىغان ۋە بوغۇپ قويىدىغان ھالەت ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب بەلكىم ئۇلارنىڭ ئىچ مىجەز، ئۆزگە بولغان ئىشەنچى تۆۋەن، تارتىنچاق، سەلبىي كەچۈرمىشلەر سەۋەبلىك ئۆزىنى ئەركىن تۇتالمايدىغان، ياكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت قۇرۇشنى يېڭى باشلىغان بولغانلىقى ئۈچۈن بولۇشى مۇمكىن. قانداق سەۋەب بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، كىشىدە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىن قورقۇش روھىي ھالىتى يۈز بەرگەندە، بۇ خىل روھىي ھالەتنى يېڭىش ئاسانغا توختىمايدۇ.

ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىن قورقىدىغانلارنىڭ ئۆزىنى بەزلىشىدىكى خۇش خەۋەر شۇكى، ھېچكىم تۇغۇلۇشىدىنلا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە ماھىرلىق تالانتى بىلەن تۇغۇلمايدۇ. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەر ئۈچۈنمۇ ھەم شۇنداق. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تورى ئىقتىدارى تۇغما ئىقتىدار بولماستىن، ھەر بىر كىشى ئۆگىنىشى كېرەك بولغان ماھارەتتۇر. بۇ جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىز ئۈچۈن يۇمشاق تىجارەتچى ياكى چىقىشقاق بىرى بولۇشىڭىز يېتەرلىك ئەمەس. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىشىڭىز ئۈچۈن توغرا ئۇسۇللارنى قوللىنىشىڭىز كېرەك بولىدۇ.

ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئىقتىدارى كىشى ئىگە بولۇشى كېرەك بولغان مۇھىم ماھارەتتۇر. ئەگەر بۇ جەھەتتىكى غەم-ئەندىشىڭىزنى يېڭىپ چىقالىسىڭىز، بۇ سەۋەبلىك كەسپىي ھاياتىڭىزدا نەپ ئالالايسىز. شۇڭا، راھەت رايونىڭىزدىن چېكىنىشكە تەييارلىق قىلىڭ ۋە ماقالىنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇڭ.

تۆۋەندە سىزگە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت قۇرۇشنىڭ ئون ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرىمىز.

## 1. تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىڭ

ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىلا مۇھىم بولىۋەرمەيدۇ. سىزگە مۇناسىۋەتلىك ھەر بىر ئىجتىمائىي پائالىيەتكە قاتنىشىشىڭىزنىڭ، ياكى ئۆزىڭىز قاتناشقان ئىجتىمائىي پائالىيەتتىكى ھەر بىر كىشىگە گەپ قىلىپ چىقىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. ئەكسىچە ، توغرا ۋاقىت، توغرا پەيتتە توغرا كىشى بىلەن ئۇچرىشىشقا، شۇنداقلا ئۇچرىشىشتا ئۆز خىزمەت مۇھىتىڭىزدىكى ئەۋزەل تەرەپلەر توغرۇلۇق پىكىرلىشىشكە ئەھمىيەت بېرىڭ. مەسىلەن، ئېلېكتىرونلۇق ئالاقىگە مۇناسىۋەتلىك بىر پائالىيەت ئادەتتىكى «خىزمەتدىشىڭ بىلەن تېخىمۇ ياخشى پاراڭلاش» سورۇنىدىن تېخىمۇ ئەھمىيەتلىكمۇ قانداق؟

## 2. ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇڭ

تور پائالىيىتىگە قاتنىشىشتىن بۇرۇن قاتناشقۇچىلارنىڭ تىزىملىكىنى ئېلىشقا تىرىشىڭ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۆزىڭىز كۆرۈشمەكچى بولغان كىشىلەرگە دىققەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ قىزىقىشى ۋە كەسپى توغرىسىدا ئىزدەنسىڭىز بولىدۇ. سىز ھەتتا ئۇلار بىلەن پائالىيەتتىن ئىلگىرى ئالاقىلىشىپ، پائالىيەتتە ئۇنىڭ بىلەن بىر ئاز پاراڭلىشىۋېلىش ياكى ئۇچرىشىش توغرىلىق ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىسىڭىز بولىدۇ.

كىشىلەر بىلەن بولغان بۇ كىچىككىنە ئالاقە ئۇنىڭ بىلەن يۈزمۇ يۈز قېلىشتىن كېلىدىغان مۇشەققەتلىك ۋەزىيىتىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتەلەيدۇ.

## 3. نىشان بەلگىلەڭ

ئۆزىڭىز ئارزۇ قىلغان ئۇسۇلدا ئىجتىمائىي ئالاقە ئورنىتالىشىڭىز ئۈچۈن ئۆزىڭىزنىڭ ئېرىشمەكچى بولغىنىڭىزنى نەزەرگە ئالغان ئاساستا بىر ياكى ئىككى ئەتراپىدا رېئال نىشان تىكلەڭ. كەلگۈسىدىكى ئايلاردا سىز ئۈچۈن پايدىلىق بولۇشى ئۈچۈن مۇئەييەن بىرەر شەخس بىلەن پاراڭلىشىش، ياكى مەلۇم بىر بۇيۇم توغرۇلۇق چۈشەنچىگە ئېرىشىش نىشانىنى تۈزۈۋالسىڭىز بولىدۇ.

دەسلەپتە بەك چوڭ ئۈنۈم كۆزلەپ كەتمەڭ. زالدىكى ھەر بىر كىشى بىلەن كۆرۈشۈپ چىقمايدىغانلىقىڭىز ، شۇنداقلا تاكى سورۇن تارقىمىغۇچە ئۇ يەردىن ئايرىلماسلىقىڭىزنىڭ شەرت ئەمەسلىكى ئېسىڭىزدە بولسۇن. ئەگەر سىز شۇ كۈنلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت جەريانىڭىزنى غەلىبىلىك بولدى دەپ قارىسىڭىز، سورۇنغا يېرىپ سائەت قاتناشقاندىن كېيىن قايتىپ كەتسىڭىز بولىدۇ.

**4. پاراڭنى ئويلىشىڭ**

نۇرغۇن كىشى يىغىلىشتا نېمىلەرنى دېيىش توغرۇلۇق غەم قىلىشىدۇ. ئەمما، سورۇندا قىلىشىدىغان پىروتوكول پارىڭىڭىزنى يېزىپ چىقىۋېلىشىڭىز ئىمكانسىز بولسىمۇ، بىراق، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت قورقۇنچىنى يېڭىش كۆرىشىڭىزنىڭ دەسلىپىدە كۆرۈشۈشتە پاراڭ تېمىسى قىلىش ئۈچۈن بىر نەچچە سوئال تەييارلىۋېلىپ، بۇنى ئېسىڭىزدە چىڭ ساقلىۋېلىڭ. مۇشۇنداق قىلسىڭىز، باشقا بىراۋنىڭ يېنىدا جىمجىت ھالەتتە تۇرۇشقا خاتىمە بېرەلەيسىز.

كاللىڭىزدا دائىم پاراڭنى باشلاشقا يېتەكلەيدىغان بىرەسمىي سوئاللار بولسۇن. مەسلەن «سىزنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن نەرسە نېمە؟»، «بۇ ناھايىتى ياخشى سۆھبەت بولدى. سىز بۇنىڭدىن نېمىنى ھېس قىلدىڭىز؟» دېگەندەك. يەنە، بۇنىڭغا قوشۇپ ئۆزىڭىزنىڭ ئىسمى، كەسپى، ۋە بۇ پائالىيەتكە قاتنىششىڭىزنىڭ سەۋەبى قاتارلىقلارنى بايان قىلىدىغان بىر نەچچە تونۇشتۇرۇش جۈملىڭىز بولسۇن. مۇشۇنداق قىلسىڭىز، بىرى بىلەن تۇنجى كۆرۈشكەندە ئۇنىڭغا نېمە دەرمەن دەپ جىددىيلىشىپ يۈرۈشىڭىز ئازىيىدۇ.

ئۆزىڭىزنى بىر ئاز تونۇشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن سىز ئالدىنئالا تەييارلىۋالغان، ئوچۇق-يورۇق سوئاللار باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ، شۇنداقلا ئۇ گەپ قىلىۋاتقاندا سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىش ئارقىلىق ئارام ئېلىۋېلىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ. زېھىن قويۇپ ئاڭلىغۇچى بولۇش قابىلىيىتى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە يامان بارچە كىشىلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكىدۇر.

**5. بالدۇر بېرىڭ**

سۆھبەت ئاللىقاچان باشلىنىپ بولغان، سورۇندىكىلەر گۇرۇپپىلارغا ئايرىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ سورۇنغا يېتىپ بېرىش ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە تەجرىبىلىك كىشىلەرگىمۇ ئېغىر تۇيۇلىدۇ.

ئەگەر سىز سورۇنغا تۇنجى بولۇپ كەلگەن كىشىلەردىن بىرى بولسىڭىز، نىسپىي تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكتىن بەھر ئالالايسىز. شۇنداقلا، ئىش باشلىنىشتىن بۇرۇن ئورۇنلىشىۋالالايسىز. ئۆزىڭىز تۇرغان مۇھىتتىن راھەتلىك ھېس قىلالايسىز، پاراڭلىششقا ماس ياخشى جاينى بەلگىلىۋالالايسىز. سەپنىڭ ئالدىغىچە بېرىپ، تەشكىللىگۈچى ۋە باشقا بالدۇر كەلگۈچىلەر بىلەن ئۆزىڭىزگە چۈشىدىغان بېسىم تېخىمۇ ئاز بولغان ھالەتتە پاراڭلىشالايسىز.

**6. يېقىن دوستىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ**

يېقىن دوستىڭىز ياكى خىزمەتدىشىڭىز ناتونۇش كىشىلەر بىلەن بولغان سوغۇقلۇقنى بۆسۈپ ئۆتۈشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ. يېقىن دوستىڭىز ئۆزىڭىزگە بولغان ئىشەنچىڭىز يوقالغاندا سىزگە تەسەللىي بېرىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، پەقەت (سىز ۋە ئۇ) ئىككىلا كىشى بولغانلا سۆھبەتلىشىش ھالقىڭىز شەكىللەنگەن بولىدۇ.

### 7. توغرا سىگنال بېرىڭ

قورقۇنچ دائىملا سىزنىڭ بەدەن تىلىڭىزدا ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ئۆزىڭىزنى ئەركىن تۇتۇپ، قارشى تەرەپكە توغرا سىگنال بېرىشىڭىز ئىنتايىن مۇھىم. ناتونۇش كىشىلەر بىلەن بىر يەرگە كەلگەن چېغىڭىزدا بەلكىم يۈرەكلىرىڭىز دۈپۈلدەپ سوقۇپ كېتىدىغان ياكى ئۆزىڭىزنىڭ باشقا جايدا بولغان بولۇشىڭىزنى ئارزۇلاپ كېتىشىڭىز مۇمكىن. بىراق، سىز بەدەن تىلىڭىز ئارقىلىق باشقىلارغا ئىشەنچ تۇيغۇسى بەرسىڭىز ئوچۇق-يورۇق ۋە جەلىپكار كۆرۈنىسىز. سىز يەنە باشقىلارنى ئۆزىڭىزگە يېقىنلىشىشقا ئىلھاملاندۇرسىڭىز، ئۇلارغا يېقىنلىشىشتىكى بىئاراملىقتىن ئۆزىڭىزنى قۇتقۇزۇپ قالىسىز.

كىشىلەرگە راھەت، ئىللىق ۋە ھوشيار تۇيغۇ بېرىشنى ۋە كۈلۈمسىرەشنى دائىملا ئۇنتۇپ قالماڭ. بىلەكلىرىڭىزنى بىر-بىرىگە باغلىۋالماستىن، ئەركىن بەدەن ھالىتىڭىزگە دىققەت قىلىڭ. ئۆزىڭىز كۆرۈشمەكچى بولغان شەخس بىلەن كۆز ئالاقىسى قۇرۇڭ. ئۆزىڭىز قوشۇلماقچى بولغان گۇرۇپپىغا يېقىن تۇرۇڭ. قوللىرىڭىزنىڭ تىنىچ تۇرۇشى ئۈچۈن بىر ئىستاكان قەھۋە ياكى يىغىن پروگراممىسى يېزىلغان ۋاراقچىنى قولىڭىزدا كۆتۈرۈۋېلىڭ. دىققىتىڭىزنىڭ چېچىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن يان تېلفونىڭىزنى قولىڭىزغا ئېلىۋالماڭ.

قوشۇلۇش ئۈچۈن بەك يېقىنچىلىق قىلىشىپ كېتىۋاتقان، ياكى غۇژمەك بولۇپ بىر يەرگە كېلىۋالغان ھەلقىلەرنى ئەمەس، ئوچۇق بەدەن تىلىنى نامايان قىلغان ۋە يېقىنلاشقىلى بولىدىغان كىشىلەرنى تاللاڭ.

### 8. رېئاللىستىك بولۇڭ

ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە كىشىگە كېلىدىغان بېسىم يۇقىرى بولۇشى مۇمكىن. بۇ ۋەجىدىن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ ئىككىگە ئايرىلىدىغان يول ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئۆزىڭىزنى ئەسكەرتىڭ. پاراڭ جەريانىدىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇش مەسئۇلىيىتى سىزگە خاس ئىش ئەمەس. بۇ جەھەتتە بەك كۈچەپ كېتىش ياكى رېئاللىقتىن چەتنەپ كېتىش ئاقىۋەتتە سىزنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن.

بۇنىڭ نەتىجىسىدە سىز ئۆزىڭىزنى ئەيىبلەپ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە بولغان بىزارلىقىڭىز ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن.

بۇنىڭدىن سىرت، بەزى چاغلاردا ئۆزىڭىزنىڭ جىددىيلىشىش كەيپىياتىڭىزنى ئوچۇق ئېيتىشىڭىز ئۆزىڭىز ئۈچۈن ياخشى بولىدۇ. بۇنداق قىلغان باشقىلار سىزگە كۆڭۈل بۆلىدۇ، ھەتتا سىزنىڭ مۇناسىۋەت قۇرۇشىڭىزغا ياردەم بېرىشى مۇمكىن. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قارشى تەرەپمۇ سىزدەك جىددىيلىشىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

شۇنى مەڭگۈ ئېسىڭىزدە تۇتۇڭكى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت چوقۇملا گۈزەل بولۇپ كېتىشى ناتايىن. ئەگەر سىز مۇشۇ نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرىۋالسىڭىز، بۇ جەھەتتە ياخشى بولمىغان كىشىلەرنى ئۆگىنىش ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشتىكى تەجرىبە ـ ساۋاق ئېلىش ئۆرنىكىڭىز قىلىۋالالايسىز.

## 9. ئارامسىزلانغىنىڭىزدا مۇھىت ئالماشتۇرۇڭ

ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت فىزىكىلىق، زېھنىي ۋە تۇيغۇ جەھەتتە كىشىنى چارچىتىدىغان بولۇشى مۇمكىن. ئېنېرگىيەڭىز تۆۋەنلىگەنلىكىنى ھېس قىلغىنىڭىزدا نەپەس ئېلىش ئۈچۈن ۋاقىت ئايرىشىڭىز مۇھىم.

بۇ ھالدا ئۆزىڭىزگە ئۇيغۇن بىر يەردە بېرىڭ. مەۋجۇت ھالەتنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ھەر قانداق بىر يەرگە بارسىڭىز بولىدۇ.

تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ چىقىڭ، ياندىكى سالوننى ئارىلاڭ، ماشىنىڭىزغا چىقىپ قىسقا مۇددەت ئولتۇرۇڭ. بىر ئىستاكان قەھۋە ئېلىڭ، قىسقا مۇساپىلىك پىيادە مېڭىڭ ياكى مېھمانخانىدىكى ھۇجرىڭىزغا قايتىپ كېتىڭ. مەۋجۇت ھالەت بىلەن مۇناسىۋەتتىكى قىسقا مەزگىل ئۈزۈلۈش. بۇنىڭ يېڭى ھالەتكە كېلىشىڭىزگە، چوڭقۇرراق ئويلىنالىشىڭىزغا ۋە تېتىكلىشەلىشىڭىزگە ياردىمى بولىدۇ.

## 10. كۆرۈشۈشنى ئاخىرلاشتۇرۇش پەيتى كەلگىنىنى بىلىڭ

بەزى كىشىلەر ياخشى تەسىر قالدۇرالماسلىق ئەندىشىسى سەۋەبلىك، ياخشى تەسىر قالدۇرۇشقا تىرىشىپ گەپنى بەك ئۇزارتىۋېتىدۇ. يەنە بەزىلەر جىددىيلەشكىنىدىن توختىماستىن سۆزلەپ كېتىدۇ. ئاقىۋەتتە سۆھبەتنى سەزمەستىنلا ئۆزىنىڭ كونترول قىلىۋالغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

ئىجتىمائىي ئالاقىگە ئۇستا كىشىلەردىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكلەردىن بىرى ئۇلارنىڭ سۆھبەت ۋە مۇناسىۋەتتە قانداق چاغدا ئىلگىرىلەشنى بىلىشىدۇر. سائەتكە قاراڭ، ئۆز سېزىمىڭىزغا ئىشىنىڭ. قارشى

تەرەپنىڭ پۈت ـ قول ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىڭ، ئۇنىڭدا بەدەن تىلى ياكى ئۆيىنىڭ ئۈيەر بۇ يېرىگە كۆز يۈگۈرتۈش ئارقىلىق سۆھبەتنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئىستىكى بولۇۋاتامدۇ يوق، بۇنىڭغا دىققەت قىلىڭ. غەلىبىلىك ئۇچرىششتا قىسقا ۋە ئەستە قالىدىغان پاراڭلار مەقسەت قىلىنىدۇ.

پاراڭلىرىڭلار تۈگىگەندىن قارشى تەرەپكە كۆلۈمسىرەڭ، قارشى تەرەپ بىلەن ئىسىم ـ كارتۇشكىسى ئالماشتۇرۇڭ ۋە كېلەر قېتىملىق كۆرۈشۈش ۋاقتىنى ئورۇنلاشتۇرۇڭ.

مۇھىم نۇقتىلار

ئىجتىمائىي ئالاقە نۇرغۇنلىرىمىزنى راھەت رايونىمىزدىن چىقىرىپ تاشلايدۇ. بىراق، توغرا ئۇسۇل ئارقىلىق بۇ جەھەتتىكى قورقۇنچلىرىمىزنى يېڭىش مۇمكىن.


ئىجتىمائىي ئالاقىدىن قورقۇشنى يېڭىش ئۈچۈن:

1. ئۆزىڭىز قاتنىشىدىغان پائالىيەتلەرنى تاللاڭ.
2. پايدىلىق ئۇچۇرلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن باشقا قاتناشقۇچىلارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدە ئالدىن مەلۇماتقا ئىگە بولۇڭ.
3. ئۇچرىشىش ئۈچۈن رېئال، مەنىلىك نىشان بەلگىلەڭ.
4. نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىڭىزنى خىيالىڭىزدىن ئۆتكۈزۈڭ ۋە جاۋابلارغا قۇلاق سېلىڭ.
5. مۇھىتىڭىز بىلەن تونۇشۇۋېلىش ئۈچۈن بالدۇر بېرىڭ.
6. ياردەمگە ئېرىشىش ئۈچۈن دوستىڭىزنى ياكى خىزمەتدىشىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ.
7. بەدەن تىلىڭىزغا دىققەت قىلىپ، ئوچۇق ـ يورۇق بەدەن ھالىتىنى ساقلاڭ.
8. ئۆزىڭىزنى ئەركىن تۇتۇڭ.
9. پائالىيەت جەريانىدا ۋاقىت چىقىپ ئېنىرگىيەڭىزنى تولۇقلاڭ.
10. سۆھبەتنى قاچان تۈگىتىشنى بىلىڭ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.mindtools.com/pages/article/overcome_fear_networking.htm



# ھەزرىتى ئەللامە ئالائىدىن مۇھەممەت خوتەنى ھەققىدە

ئابدۇلئەھەت ھاشم

# ھەزرىتى ئەللامە ئالائىددىن مۇھەممەت خوتەنى ھەققىدە

## ئابدۇلئەھەت ھاشىم

ئەللامە ئالائىددىن مۇھەممەد خوتەنى ھىجرىيىنىڭ 544 ـ يىلى (مىلادىيە 1150 ـ يىللىرى ئات يىلىدا) قەدىمقى خوتەن دۆلىتىنىڭ پايتەختى يورتقان شەھرىدە (ھازىرقى خوتەن ناھىيە بىزىن بازىرى بورزان رايونىدا) ئۇقۇمۇشلۇق زات خوجامۇھەممەت ئاخۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. بۇ دەۋر خوتەن رايونىدا ئىسلام دىنى قوبۇل قىلىنغىلى بىر ئەسىردىن ئاشقان، دىنى ئىسلامنىڭ ئەقىدە ئەركانلىرى ئۆزلىشىپ، ئىلىم ـ مەرىپەت گۈللىرى ھە دەپ پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان دەۋر بولۇپ، ھەزرىتى ئەللامە ئالائىددىن دەسلەپكى ئىلمىي ساۋادىنى ئۆز ئاتىسىدا چىقىرىپ، كېيىن ئاتىسىنىڭ ئارزۇسى ۋە ئۆزىنىڭ تەلپىنى بويىچە قەشقەرگە بېرىپ، شۇ زاماننىڭ ئاتاقلىق ئىلىم ـ مەرىپەت بۇشۇكى بولغان «ساچىيە مەدرىسى»گە ئوقۇشقا كىرىدۇ.

ساچىيە مەدرىسى ئوتتۇرا ئاسىيا قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ مەدەنىيەت ـ مەرىپەت مەركىزى قەشقەردە قۇرۇلغان ئاتاقلىق ئالىي بىلىم يۇرتى ھېسابلىناتتى.

مەدرىسە: ئىسلام دىنى بويىچە بىلىم تەھسىل قىلىدىغان ئالىي مەكتەپ، بىلىم يۇرتى دېگەن مەنىدە بولسا، ساچىيە دېگەن سۆزنىڭ ئەسلى: ساچىيەر بولۇپ، «ساچ» قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا چېچىش، يېيىش، دېگەن مەنىدە بولغاچقا، ساچىيە مەدرىسەسى: ئىلىم ـ پەن نۇرىنى چاچىدىغان ئالىي مەكتەپ دېگەنلىك بولىدۇ. ساچىيە مەدرىسى ئوتتۇرا ئاسىيادا نامى مەشھۇر ئالىي بىلىم يۇرتى ئىدى. بەزى تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا بۇ مەدرىس قەشقەر شەھەر ئىچىدىكى «چىنى باغ» دىگەن يەردە قۇرۇلغان بولۇپ، ئورنى مىڭ مو بولغان ئىكەن. ساچىيە مەدرىسىنى شۇ چاغدىكى قاراخانىيلار ھۆكۈمرانى يۈسۈپ قادىرخان (1024 ـ 1032) تەختتىكى چېغىدا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئاتىلىق ۋەسىيىتى ۋە قەشقەر خەلقىنىڭ تەلىپى بويىچە ئۆزى بىۋاستە قول تىقىپ قۇرۇپ چىققان.

شۇ دەۋرلەردىكى مەھمۇت قەشقىرى، دۆلەت خاس ھاجىپى يۈسۈپنىڭ ئۇستازى ھەزرىتى ئىمام ھۈسەيىن خەلپە مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولغان. بۇنىڭ بىلەن ھەم پەننىي ھەم دىنىي تۈس ئالغان ئالىي ئىلىم يۇرتى «بۇخارا»، «بالاساغۇن» قاتارلىق ئىلىم ـ مەرىپەت بۆشۈكلىرىگە ئوخشاشلا قەشقەر مۇھىتىدا راسا تەرەققىي

قىلغان. مەدرىسكە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تاشقىرى بەلىخ، تاشكەنت، بۇخارا، خىيۋە، ئالمىلىق، جالال ئابات، باغدات، ئىسپاھان، دەمەشىق، دېھلى، ئەل فوستات (مىسىر) قاتارلىق جايلاردىن ئالىملار، شائىرلار ۋە تالىپلار كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇلۇغ ئالىم جامال قەرشى (قەشقەرلىك) بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ، «ئىلمى ھېكمەت» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتۈش بىلەن دۇنياغا مەشھۇر «سوراخ» ناملىق كىتابىنى يېزىپ پۈتكۈزگەن. ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەخمۇت قەشقىرى «مەتنى ئەلبىيە» (تىل دەرسىنى) ئۆتكەن ۋە باشقا ئىلمى تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ چاغلاردا ھەرخىل ئىچكى ئۇرۇش ۋە مالىمانچىلىق تۈپەيلىدىن نۇرغۇن ئەتىۋارلىق ماتېرىياللار يوقاپ كەتكەن. بەزى ئايرىم ماتېرىياللارغا قارىغاندا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىمۇ خېلىلا ئىلغار بولۇپ تالىپلار ياتاقخانىسى، قىرائەتخانىسى، كۇتۇپخانىسى قۇرۇلۇپ نەچچە ئون مىڭ كىتاب قويۇلغان. شۇ دەۋرلەردە نوپۇزلۇق مۇدەررىس، مۇھەندىس، ئەلپەتتارلار يېتەكچىلىكىدە ئەرەپ تىلى، پارس تىلى، قۇرئان تەپسىرى، ئۆلىمالارنىڭ ئەخلاقى، ئىلمى پەلەك(ئاسترونومىيە)، ئىلمى ھېساپ، جۇغراپىيە، ئىلمى مەنتىق (لوگىكا)، ئىلمى شىپاھ، ئىلمى ھەدىس، تارىخى كەبىر قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلەتتى. «مەدرىسى ساچىيە» دە تالىپلار مۇدەررىسلەرنى ئۆزى تاللايتتى، ئوقۇش ۋاقتى 5 يىلدىن 15 يىلغىچە بولاتتى. تالىپلار ئاش ـ تامىقىنى ئۆزلىرى ئېتىپ يەيتتى. پادىشاھلىقتىن ئوقۇغۇچىلارغا «پەيشەنبىلىك» بېرەتتى. ئوقۇغۇچىلار يېرىم كۈن ئوقۇيتتى، يېرىم كۈن ئىشلەيتتى. قىيىنچىلىقى بار تالىپلارغا جەمئىيەتتىكى پۇلدارلار، دانىشمەن ئالىملار، كىيىم ـ كېچەك، پۇل ـ خىراجەت خەيرى ئېھسان قىلاتتى. تالىپلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن يۇرت كېزىپ ساياھەت قىلاتتى. خوتەنلىك شائىر ئەخمەتشاھ قارىقاشى ساچ مەدرىسىگە ئات ئۇلاغ بىلەن بېرىپ ئۈچ يىل ئوقۇپ كېلىپ قارىقاش گۇزە مەسچىتىدە مۆتىۋەللى ئاخۇن بولغان. 1514 ـ 1678 ـ يىللىرى سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە مەكتەپ يەركەنگە كۆچۈرۈلگەن. 1760 ـ يىللارغا كەلگەندە يەركەندىكى سوپى ئىشانلار جەڭگى ـ جېدەللىرىدە ئادەتتىكى سوپىلار مەدرىسىگە ئايلىنىپ قېلىپ، ئاخىرى تاقىلىپ كەتكەن. شۇنداق قىلىپ «ساچىيە مەدرىسى» پەننىي دىنىي بىلىم ھەم بىلىم مۇكەممەل بىرلەشكەن ئۇيغۇر ئالىي مائارىپىنىڭ دەسلەپكى ئەۋرىشكىسى سۈپىتىدە بارلىققا كېلىپ، تارىختا ئىنتايىن مۇھىم رولالارنى ئويناپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇدرەت تاپقۇزغان ئىدى.

ئالائىدىن مۇھەممەد «مەدرىسى ساچىيە» دە تىرىشچانلىق بىلەن ئىزدىنىپ ئوقۇپ، شۇ دەۋرنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ئەرەپ، پارس تىللىرىنى مۇكەممەل ئۆزلەشتۈرىدۇ. «قۇرئان كەرىم» تەپسىرى ۋە ھەدىسشۇناسلىقتىمۇ ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ.

تىبابەتچىلىكككە ئىشتىياق قويۇپ، ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا قاتارلىقلارنىڭ داۋالاش ئىلمى جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرىدۇ.

ياش ئالائىددىن مۇھەممەد بۇ جەرياندا ساۋاقداشلىرى ۋە قەشقەردىكى ئىلىم ئەھلى ئارىسىدا خېلىلا نام ئاتاق قازانغان بولسا كېرەك، چۈنكى شۇ مەزگىللەردىلا ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «خوتەنى» تەخەللۇسى قوشۇلۇپ «ئالائىددىن مۇھەممەت خوتەنى» دەپ ئاتىلىشقا باشلىغانلىقى مەلۇم.

ئالائىددىن مۇھەممەت خوتەنى ـ XII ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا «مەدرىسى ساچىيە» نىڭ ئىرشاتنامىسىنى ئېلىپ خوتەنگە قايتىپ كېلىدۇ ۋە شەھىرى يورتقانىنىڭ مەركىزىدىكى (هازىر بۇ يەرلەر خەلچە كەنتى، ئەسس كەنتى، ئەللامە نامىلىرى بىلەن ئاتىلىدۇ) خانلىق مەدرىسگە مۇدەررىسلىككە تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مول بىلىمى، ئاجايىپ ناتىقلىقى، ئېسىل ئەخلاقى ـ پەزىلىتى ۋە قولى شىپاھ تىۋىپلىكى بىلەن قالتىس شۆھرەت قازىنىدۇ.

خانلىق مەدرىسنىڭ ئىلىم ئۆگىنىدىغان تالىپلىرى كۆپىيىپ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئاۋاتلىشىدۇ، ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە تىبابەت ئىلمىنى ئۆگىنىش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلىدۇ.

ئەللامە ئالائىددىن مۇھەممەت خوتەنى مەدرىسىدە تالىپ تەربىيىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا شىپاخانا ئېچىپ كېسەل كۆرىدۇ، ۋە داۋالايدۇ. دورا ـ ئەشيالارنىڭ خىمىيىلىك، فىزىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىنچىكىلەپ ئېنىقلاپ چىقىدۇ. ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنانىڭ رېتسېپلىرىنى تەجرىبە سىناقتىن ئۆتكۈزىدۇ، مەجۇن، ھەپ، شەربەت، مەلھەملەرنى ياسايدۇ. دورا ـ ئەشيالار ئىچىدىكى مېتاللارنى كوشتە قىلىش (زەھەرسىزلەندۈرۈش) ئۇسۇللىرىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. كېسەل كۆرۈپ تونۇشنىڭ بىر يۈرۈش ئۇسۇللىرىنى سىستېمىلاشتۇرىدۇ. ئالائىددىن مۇھەممەت خوتەنىنىڭ نام شۆھرىتى يىراق ـ يېقىنغا تارقىلىدۇ. ئۇنىڭ مول بىلىمى خەلقنىڭ روھىي ۋە جىسمانىيىتىنى تەربىيىلەشتە كۆرسەتكەن تۆھپىسى، ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلىتى، ئەل ـ يۇرتنى قايىل قىلىدۇ.

«قارا قىتان» سۇلالىسىگە قارام بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ خوتەندە تۇرۇشلۇق ئىلىكخانى قىلىچخان ئۇنى «ئەللامە» لىققا تەيىنلەيدۇ. ھەزرىتى ئەللامە ئالائىددىن مۇھەممەت خوتەنى ئەللامىلىق قىلغان مەزگىل خوتەندە ئىلىم ـ مەرىپەت، ئەخلاق ـ ھىدايەت، تىبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك، داۋالاش ئىشلىرى راسا گۈللەنگەن مەزگىلدۇر.

تارىخى كىتابلاردا ھەزرىتى ئەللامە ئالائىددىن مۇھەممەت خوتەنىنىڭ تالىپلىرى ئۈچ مىڭغا يەتكەنلىكى، ئۆز مەدرىسىسىدە مول كىتاب زاپىسىغا ئىگە كۈتۈپخانا، تەجرىبىخانا قۇرغانلىقى، كۈتۈپخانىدا شۇ دەۋرنىڭ شاھانە

ئەسەرلىرىنىڭ قول يازمىلىرى ساقلانغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن ئەللامە ئالائىدىن مۇھەممەت خوتەنى ئۆزىنىڭ ئاز بولمىغان ئەدەبىي ۋە تىببىي كىتابلارنى يازغانلىقىنى پەرەز قىلالىشىمىز مۇمكىن.

ۋاھالەنكى بىزگە پەقەت ئۇنىڭ ئىچىدىن ئۈچ پارچە كىتاب ۋە بىر پارچە شېئىرىنىڭلا ئۇچۇرى يېتىپ كەلگەن. بۇ كىتابلارنى ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلىرىدىن موللا خوجا ئاخۇنلۇقۇم، موللا خوجا مۇھەممەد ھاجىم، تۇردى مۇھەممەد ئاخۇنۇم قاتارلىقلار ئەۋلاتمۇ ئەۋلات مىراس قالدۇرۇشۇپ 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىغىچە يەتكۈزۈپ كەلگەن. ھەزرىتى ئەللامە ئالائىدىن مۇھەممەت خوتەنى قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان بۇ كىتابلارنىڭ بىرىنچىسى «تىبابەت قانۇنلىرى» بولۇپ، بۇ كىتابنى 50 ـ يىللاردا ئابلىمىت يۈسۈپ داموللاھاجىم تۇردى مۇھەممەد ئاخۇنۇم ھوزۇرىدا كۆرگەن ئىكەن. بۇ كىتابتا ئەللامە ياشىغان XII ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ نەزەرىيە بىلىملىرى، داۋالاش قائىدە پىرىنسىپلىرى، تېۋىپلارنىڭ ئەخلاق ـ مىزانلىرى، داۋالاش ھادىسىلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىش قائىدە تۈزۈملىرى، تىببىي خادىملارنىڭ قەستەن ياكى سەھۋەن سادىر قىلغان خاتالىقلىرى، باشقا كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىگە يەتكۈزگەن زىيانلىرىنى شەرىئەت ھۆكۈمى بويىچە بىرتەرەپ قىلىش ئۇسۇللىرىنى ئىخچام، يىغىنچاق بايان قىلغان ئىكەن. ئەپسۇسكى، مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى مەزگىلىدە تۇردى مۇھەممەد ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيى ئاختۇرۇلۇپ قىممەتلىك تارىخى، ئەدەبىي، دىنىي ۋە تىببىي كىتابلار بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنىپ كۆيدۈرۈلگەندە «تىبابەت قانۇنلىرى»مۇ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

ھەزرىتى ئەللامە ئالائىدىن مۇھەممەت خوتەنى قەلىمىگە مەنسۇپ ئىككىنچى كىتاب «زۇبدەتۇل قەۋەنىئول ئىلاج» بولۇپ، بۇ كىتابنى كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ بىرى داڭلىق تېۋىپ تۇردى مۇھەممەت ئاخۇنۇمنىڭ شاگىرتى ۋە كۈيئوغلى باقى ئالىم ھاجىمغا ۋەسىيەت بىلەن قالدۇرغان. «زۇبدەتۇل قەۋەنىئول ئىلاج» (داۋالاش قانۇنلىرىدىن خۇلاسە) نىڭ مۇھەممەت باقى ھاجىم ساقلاۋاتقان نۇسخىسى ئىككى خىل بولۇپ، بىرى پاتلانغان خوتەن قەغىزىگە يېزىلغان كىتاب بولۇپ، فورماتى 13×19 سانتىمېتىر 161 ۋاراق. 332 بەت، 38 باپ 665 خىل رېتسىپ، ھەربىر بەتكە 11 قۇردىن قارا سىياھ بىلەن يېزىلغان. باپ، پەسىللىرى قىزىل سىياھ بىلەن يېزىلغان، مۇقاۋىلىنىپ ئوبدان ساقلانغان.

ئىككىنچى نۇسخىسىنىڭ ھەجمى چوڭراق بولۇپ فورماتى 28×33 سانتىمېتىر 28 باپ، 776 خىل رېتسېپتىن تۈزۈلگەن. يەككە دورىلاردىن 700خىل مۇرەككەپ دورىلاردىن300 خىل دورا تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان. ھەربىر بەتكە بىر رېتسىپ پاتۇرۇلۇپ باپلىرى قىزىل رەڭدە، رېتسېپلىرى قارا رەڭدە ناھايىتى كۆركەم، چىرايلىق يېزىلغان. بۇ قول يازمىدا ئىلگىرى ئۆتكەن ھۆكۈمالاردىن بۇقرات، سابىت، ئىسھاق يوھونا، مەسىھو، مۇھەممەد زىكىر، ئىبنى ھاسىل، جالىنوس، ئىبنى سىنا، ھونەيىل، روفەس، فولس قاتارلىق 13 نەپەر ئالىمنىڭ رېتسېپلىرى كۆچۈرۈلۈپ

ئۇنىڭ ئاخىرىغا ئۆزىنىڭ بۇ رىتسىپلارنى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈپ ئېرىشكەن ساۋاقلىرى يېزىلغان. ھەربىر رېتسىپنى تەجرىبە ئارقىلىق دەلىللەپ چىققان. بۇ كىتابنىڭ تەرجىمىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ **2001**-يىلى **2**-سانىدىن باشلاپ ئېلان قىلىنىپ، كەڭ ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشۈش پۇرستىگە ئېرىشتى. ئەسلى قولىمىزغا يېتىپ كەلگەن كىتاب يېزىقى پارىسچە بولۇپ، ماقالىگە قوشۇمچە قىلىپ ئەسلى نۇسخىسى كىرگۈزۈلدى.

ھەزرىتى ئەللامە ئالائىدىن مۇھەممەد خوتەنى تارىختا ئەنە شۇنداق ئۇزاق ئىلىم - مەرىپەتلىرنى ئەل يۇرت، ۋەتەنگە بېغىشلاشنىڭ ئالتۇن دەۋرىگە قەدەم قويۇۋاتقان يىللاردا دىيارىمىزنىڭ سىياسىي تارىخىدىمۇ ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىۋاتاتتى.

**1206**-يىلى شىمالىي يايلاقتا چىڭگىزخان باش كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇ شەرقى نايمان قەبىلىسىنىڭ پادىشاھى تايانخاننى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنىڭ تامغۇچىسى تاتاتوڭانى تۇتىۋېلىپ، تايانخاننىڭ قاچقۇن ئوغلى كۈچلۈككە زەربە بېرىشكە خارەزىم دۆلىتىگە بارىدىغان يولدىكى توسالغۇنىڭ كۈچلۈكخان ئىكەنلىكىنى ھېساپقا ئېلىپ ئۇنى يوقىتىش قارارىغا كەلدى. چىڭگىزخان مىلادىنىڭ **1218**- يىلى جەبەنويان قوماندانلىقىدىكى يىگىرمە مىڭ كىشلىك ئاتلىق مۇڭغۇل قوشۇننى كۈچلۈكخاننى يوق قىلىشقا ماڭدۇردى. كۈچلۈكخان مىلادىنىڭ **1204**-يىلى ئالتايدىن يەتتە سۇغا غەربىي قىتان خانى چورۇقنىڭ قېشىغا قېچىپ بارغان نايمان شاھزادىسى ئىدى. كۈچلۈك چورۇقخاننىڭ ئىشەنچىسگە ئېرىشۋالغاندىن كىيىن، ئالتاينىڭ شەرقىدە چېچىلىپ يۈرگەن نايمانلارنى يەتتە سۇغا كۆچۈرۈپ كەلدى. چورۇقنىڭ قىزىغا ئۆيلەندى، كۈچ توپلاپ، پۇرسەت پايلاپ يۈرگەن كۈچلۈكخان **1211**-يىلى خارەزىم شاھى مۇھەممەد بىلەن غەربىي قاراخانىلارنىڭ قاغانى بولغان ئوسمان بۇغراخان قوماندانلىقىدىكى بىرلەشمە قوشۇن تەرىپىدىن تارمار بولغاندا (تالاس دەرياسى بويىدا) **80** نەچچە يىل ھۆكۈم سۈرگەن غەربىي قىتانلار خانلىقى (**1125**-**1211**) نى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى، شۇ خاندانلىقنىڭ خارابىسىدە غەربىي نايمان خانلىقنى قۇردى.

غەربىي نايمان خانلىقى تېرىتورىيىسىگە خوتەن، يەركەن، قەشقەر، يەتتەسۇ، پەرغانە ۋادىسى كىردى. كۈچلۈكخان غەربىي نايمان خانلىقىنى قۇرغاندىن كىيىن مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارغا ھەر جەھەتتىن ئېغىر زۇلۇم سالدى. بولۇپمۇ دىنىي جەھەتتىن بەكمۇ يولسىزلىق قىلدى. كۈچلۈكخان ئەسلىدە خىرىستىئان دىنى (ناستورىئان مەزھىپى) گە ئېتىقاد قىلاتتى. **1204**-يىلى قىتانلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەتتە سۇغا قېچىپ كەلگەندىن كىيىن بۇرۇنقى ئېتىقادىدىن يېنىپ بۇددا دىنىغا كىرگەن ئىدى. كۈچلۈكخان كۆرۈنمەككە باتۇر، ھىيلىگەر بولسىمۇ، تېگى تەكتىدىن ئالغاندا، دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا دۆت، قارام، تەدبىرسىز، ۋەھشىي، زالىم خان ئىدى. ئۇ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ خوتەن، يەركەنت، قەشقەر قاتارلىق مەشھۇر شەھەرلەردىكى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنى ئىسلام دىنىدىن يېنىپ

بۇددا دىنىغا كىرىشكە زورلىدى. ھەتتا ئۆزى خوتەنگە كىلىپ ، ھەزرىتى ئەللامە ئالائىددىن مۇھەممەت خوتەنى باشلىق بىرنەچچە مىڭ ئۆلىمانى يىغىپ، ئىسلام دىنىدىن يېنىپ بۇددا دىنىغا كىرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلدى. ئۇنىڭ دېگىنىچە قىلمايدىغان بولسا ئۇلارنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھەزرىتى ئەللامە ئالائىددىن مۇھەممەت خوتەنى يۈرەكلىك، دادىل ھالدا كۆكرەك كېرىپ نەخ مەيداندا كۇچلۇكنى بەس ـ مۇنازىرىدە مات قىلىش بىلەن لەنىتى كۇچلۇكنىڭ يۈزىگە تۈكۈردى. رەسۋا بولغانلىقىغا چىدىمىغان كۇچلۇكخان ھەزرىتى ئەللامە ئالائىددىن باشلىق 3000 دىن ئاتۇق ئۆلىمانى ئۆلتۈردى. ئىسسىق قانلار دەريا بولۇپ ئاقتى. مەرىپەتپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر ئوغلان ھەزرىتى ئەللامە ئالائىددىن مۇھەممەد خوتەنىنى ئۆز مەدرىسىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا چارمىخ قىلىپ ئەل جامائەتكە ھەيۋە قىلدى. زالىم كۇچلۇكخان بۇنىڭلىق بىلەنلا قانائەت قىلماي قالماستىن ھەزرىتى ئەللامە ئالائىددىننىڭ كۈتۈپخانىسى ۋە مەسچىتلەرنى كۆلگە ئايلاندۇرۇپ كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. تارىخىي كىتابلاردا شۇ قېتىم كۆيدۈرۈلگەن كىتابلار ئىچىدە «تۈركى تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ قولىيازما نۇسخىلىرىمۇ بار ئىدى، دەپ قەيت قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئەنە شۇ زالىمنىڭ قانغا بويالغان قولىدا بۇيۇك ئالىم ھەزرىتى ئەللامە ئالائىددىن مۇھەممەد خوتەنىنىڭ ئەھمىيەتلىك بولغان ھاياتى نابۇت بولىدۇ. ئەللامە ئالائىددىن مۇھەممەد خوتەنى شېھىد بولغاندىن كىيىن خەلق ئۇنى ئۆزى مەدرىسە ئاچقان جاينىڭ يېنىغا دەپنە قىلىپ ھەيۋەتلىك قەبرە قاتۇرغان. بۇ جاي ھازىرغىچە «ئەللامە بۇزرۇكۋارىم مازىرى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. ھەزرىتى ئەللامە ئالائىددىن مۇھەممەت خوتەنى بىلەن بىللە قەتلى قىلىنغان 3000دىن ئارتۇق موللا ئۆلىما ـ تالىپلار ئەنە شۇ مازارنىڭ شەرقىگە (قاشى يارلىغىنىڭ لىۋىدىكى لايلاتما تۈزلەڭلىككە) دەپنە قىلىنغان بولۇپ، بۇ جاي ھازىرمۇ «گورجاي شېھىدلىق» (شېھىدلەر گودىكى)، «قەۋمى شەھدان» دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ. ئەسلىدىكى «شەھرى يورۇڭقان» نىڭ شىمالى تەرىپى ھازىرمۇ «قېلىچ كەنت» (سەل بۇزۇلۇپ خەلىچ كەنت) دەپ ئاتىلىدۇ. موڭغۇللار مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بىلەن كۇچلۇكخان ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى نەزەرگە ئېلىپ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى توغرىسىدا تەشۋىقات يۈرگۈزدى. بۇ تەدبىر كۇچلۇكخاننىڭ ھالاكىتىنى مۇقەررەرلەشتۈرۈپ قويدى. مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىگە يولۇققان كۇچلۇكخان ئىسسىق كۆلنىڭ بويىدا جەبە نويان بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ قەشقەرگە قاراپ چېكىندى. ئۇيغۇرلار كۇچلۇكخاننىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۇچرىغان يەردە ئۆلتۈردى. ئېغىر ئەھۋالدا قالغان كۇچلۇكخان قەشقەرنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى سېرىققولغا قاچتى. ئۇ كەينىدىن قوغلاپ كىلىۋاتقان موڭغۇللار تەرىپىدىن تۇتىۋېلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى. چىڭگىزخان 1218 ـ يىلى كۇچلۇكخاننى يىتچىت قىلغاندىن كىيىن مىلادىنىڭ 1219 ـ يىلى (بۇ يىلان يىلى) 210مىڭ جەڭچىدىن تەركىپ تاپقان زور قوشۇنغا ئۆزى قوماندان بولۇپ ئۇلۇغ خارازىم شاھ دۆلىتىگە قاراپ يۈزلەندى.

**ھەممىدىن ئۇلۇغ، ماختاشقا سازاۋەر ئاللاھ تائالا زېمىننى، ئىنسانلارنى، قەغەز ۋە قەلەمنى يارىتىپ لەۋھۇل مەھپۇزغا ئىنسانلارنىڭ ياشاش، ھاياتلىق يولىنى ئىلىم ـ مەرىپەت، ھېكمەت مەشئىلىنى ئىلھام قىلىپ بىلدۇرۇپ ئەرشى كۇرسىدا قارار ئالغاندىن ھازىرغىچە ھارۇن رەشىدتەك ئادىل پادىشاھلار؛ شەتتات، نەمرۇت، پىرئەۋىندەك زالىم پادىشاھلار ھەر دەۋىر مەنزىللىرىدە ئوخشاش بولمىغان كەچۇرمىشلىرى ئارقىلىق ئادالەت ـ زالالەت يوللىرىنى تۇتۇشۇپ كەلگەن بولسىمۇ ئىلىم ـ مەرىپەت بۆشۈكى ئوچىقىدىن يالقۇنجاپ چىققان ئۇچقۇنلارنى نابۇت قىلىشقا قۇربى يەتمىدى. زاماننىڭ تەرەققىياتى ئېلېكترونلۇق دەۋرگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئاشۇ قەغەز قەلەم ئارقىلىق بىر ـ بىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئىنسانلارنىڭ ياشاش، تەبىئەتنى تونۇش ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش پۇرستىنى قولدىن بەرمەي، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت، مائارىپ ساھەسىدە ئىزچىل ئىزدىنىپ كەلمەكتە. ئۈمىدۋار غايىنى ئۆزلىرىگە ئۆرنەك قىلىپ ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىنتىلمەكتە، ئىزدەنمەكتە.**

پايدىلانغان ماتېرىياللار


1. ھەزرىتى ئالائىدىن مۇھەممەت خوتەنى ھەققىدە ـ رەجەپ يۇسۇپ «يېڭى قاشتېشى» ئەدەبىي ژۇرنىلى، 2004 ـ يىلى 3 ـ سان
2. ئەللامە ئالائىدىن مۇھەممەت خوتەنىنىڭ «زۇپتىنۇن قاۋانىل ئىلاج» ناملىق ئەسىرىدىن. مەمەت باقى ئالىم، مېھرىگۇل مەمەتباقى، سايىپخان تۇردى مۇھەممەت، شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2005 ـ يىل 4 ـ سان
3. «ئالاھىددىن»، تارىخىي داستان، ئابلا سۇلايمان، «تارىم ژۇرنىلى»، 1985 ـ يىلى 11 ـ سان
4. «تارىخى رەشىدىيە»، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۇراگان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىل 7 ـ ئاي
5. «ئىدىقۇت يۇلتۇزى»، پەرھات جىلال، ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى 9 ـ ئاي
6. «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»، تەرجىمە قىلغۇچى ئەركىن شېرىپ، 1999 ـ يىلى 1 ـ ئاي شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
7. « چىڭگىزنامە » موللا مىرسالى قەشقىرى،ى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1986 ـ يىل 2 ـ ئاي.
8. «شەجەرەئىي تۈرۈك» ئەبۇل غازى باھادىرخان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 1 ـ ئاي
9. «تارىخى رەشىدىيە زەيلى قىسمى»، مىرزا مۇھەممەت جاراس، شىنجاڭ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ جەمئىيەت تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىپ باستۇرۇلدى. خوتەن پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى جەمئىيەت تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى كۆپەيتىپ باستى، 1981 ـ يىلى
10. «ئۇيغۇر ئالىي مائارىپىنىڭ ئەۋرىشكىسى مەدرىس ساچىئە» ئالىي بىلىم يۇرتى ھەققىدە، شېرىپجان قاسىم كامالى
11. «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تىزىسلىرى»، گاۋىن ھامبىلى، مىللەتلەر نەشرىياتى بېيجىڭ، 2008 ـ يىلى 9 ـ ئاي




# سايلىغۇچىلار ھەيئىتىنىڭ سايلام بىلتى قانداق پرىنسىپقا ئاساسلانغان؟

ئەننى مىچاۋىد

# سايلىغۇچىلار ھەيئىتىنىڭ سايلام بېلەتى قانداق پىرىنسىپقا ئاساسلانغان؟

ئەننى مىچاۋىد

**سوئال: سايلىغۇچىلار ھەيئىتى قانداق مەشغۇلات قىلىدۇ؟**

جاۋاب: سايلىغۇچىلار ھەيئىتى ئامېرىكا سايلام سىستېمىسىدىكى ئالاھىدە ئەھۋالدۇر. ئامېرىكا سايلىمىدا ھەر قېتىم دېگۈدەك سايلىغۇچىلار بىۋاسىتە ھالدا شتات باشلىقلىرىنى ۋە سېناتورلارنى سايلايدۇ. بىراق، پرېزىدېنتلىق سايلىمىدا سايلىغۇچىلار ۋەكىللەرنى، سايلىغۇچىنى ياكى سايلىغۇچىلار ھەيئىتىنى تاللىماقتا.

شتاتلارنىڭ كۆپىنچىسى پرېزىدېنتلىق سايلىمى ئۈچۈن يەڭگۈچى ھەممە بېلەتكە ئىگە بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسلىنىدۇ. يەنى، ئاۋامنىڭ بېلەت تاشلىشى بىر شتاتتىكى سايلىغۇچىلار تىزىملىكىنىڭ ھەممىسىنى قايسى نامزاتنىڭ قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ. ئادەتتە شتاتلارنىڭ سىياسى پارتىيىلىرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن سايلىغۇچىلار نويابىر ئېيىنىڭ ئىككىنچى چارشەنبىسىدىن كېيىنكى تۇنجى دۈشەنبە كۈنى پرېزىدېنت ۋە مۇئاۋىن پرېزىدېنت ئۈچۈن بېلەت تاشلاش ئۈچۈن ئۇچرىشىدۇ. سايلام كېچىسى بىلدۈرۈلگەن نەتىجىلەر سايلىغۇچىلار ھەيئىتىنىڭ ئۇچرىشىشىغىچە رەسمىي نەتىجە ھېسابلانمايدۇ.

سايلىغۇچىلار شتات خەلقىنىڭ كۆپچىلىكى تاللايدىغان نامزاتنى تاللايدىغانلىقىغا قەسەم بېرىدۇ. پرېزىدېنتلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جەمئىي 538 بېلەتتىن سايلىغۇچىلار ھەيئىتىنىڭ 270 بېلىتىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك بولىدۇ.

ھەر بىر شتاتقا تەۋە سايلىغۇچىلار سانى شۇ شتاتنىڭ نوپۇسىغا بىنائەن بەلگىلىنىدۇ. بىراق، بارچە سايلىغۇچىلار ھەيئىتىدە — كالىفورنىيەمۇ شۇنىڭ ئىچىدە — ئەڭ ئاز ئۈچ كىشى بولىدۇ. بەزى كىشىلەر بۇ ئۇسۇلنىڭ نوپۇسى شالاڭ شتاتلاردا بەك كۆپ داۋالغۇش كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىشىدۇ. مەسىلەن، ۋيئومىڭ (Wyoming) شتاتىدا ئۈچ سايلام بېلىتى بولۇپ، بۇ شتاتنىڭ نوپۇسى 580 مىڭ. بۇ ھەر بىر سايلىغۇچى تەخمىنەن 193،300 كىشىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. 39.5 مىليون نوپۇسقا ئىگە كالىفورنىيەگە ئوخشاش نوپۇس زىچ شتاتلاردا 55 سايلام بېلىتى بار بولۇپ، ھەر بىر سايلىغۇچى 718،400 كىشىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇ سەۋەبلىك، بەزىلەر ۋيئومىڭ شتاتىدىكى بىر سايلىغۇچى كالىفورنىيەدىكى بىر سايلىغۇچىدىن بەكراق تەسىر كۈچكە ئىگە دەپ قارايدۇ.

مېيىن شتاتى بىلەن نېبراسكا شتاتى يەڭگۈچى ھەممە ئاۋازغا ئىگە بولۇش پرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرمەيدۇ. بۇ ئىككى شتات يەرلىك نەتىجىنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ ئىنچىكە

قائىدە قوللانغان. بۇ ئىككى شتات ئۆز شتاتىنىڭ خەلق سايلىمىدا غەلبە قازانغانغۇچىغا ئىككى سايلام بېلەتنى بېرىدۇ. ھەر بىر كونگرەس رايونىدا خەلق سايلىمىنى قولغا كەلتۈرگۈچىگە بىر سايلىغۇچى بېرىلىدۇ.

سوئال: بۇ سىستېما نېمىشقا تاللاندى؟

جاۋاب: ئامېرىكانىڭ قۇرغۇچىلىرى بۇ ۋەكىل بولۇپ سايلاش سىستېمىسىنى بەرپا قىلغان بولۇپ، بۇ سىستېما مۇرەسسە سۈپىتىدە شتاتلار ئارىسىدىكى ھوقۇقنى تەڭپۇڭلاشتۇرىدۇ.

1787-يىلى ئاساسي قانۇن ئەھدىنامىسىدە سايلىغۇچىلار ھەيئىتى قۇرۇلغاندا پرېزىدېنتنىڭ ئاۋامنىڭ بېلەت تاشلىشى بىلەن سايلىنىشى توغرىسىدىكى پىكىر تالاش-تارتىش قوزغىدى. كىچىك شتاتلار نوپۇسى كۆپ شتاتلارنىڭ ئاۋاز جەھەتتە ئۈزلىرىنى ئېشىپ چۈشۈشىدىن ئەنسىرىدى. بېلەت تاشلىيالمىغان قۇللىرى بار جەنۇبتىكى شتاتلار شىمالىي شتاتلار يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىۋالىدۇ دەپ قارىدى.

ئامېرىكانى قۇرغۇچىلار «ۋىرجىنىيە پىلانى» دەيدىغان بىر لاھىيەنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇپ، بۇ لاھىيە بويىچە دۆلەت مەجلىسىنىڭ بىرىنى پرېزىدېنتلىققا تاللىشىنى كۆچكە ئىگە قىلغان. بىراق، بۇنى تەنقىد قىلغۇچىلار بۇنداق بولغاندا پرېزىدېنت دۆلەت مەجلىسگە قەرزدار بولۇپ قالىدىغىنى، بۇ ھالنىڭ ئامېرىكانى قۇرغۇچىلار ئوتتۇرىغا چىقارغان كۈچنىڭ ئايرىلىشىغا تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئامېرىكانى قۇرغۇچىلار دۆلەت مەجلىسىدە ئولتۇرماستىن شتاتلارغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان ئۈچىنچى گۇرۇپپا ھېسابلانغان سايلىغۇچىلار پرىنسىپىنى داۋاملاشتۇرغان. بۇ ئارقىلىق تەسىرگە ئۇچرايدىغان ياكى چىرىكلىششى مۇمكىن بولغان مەڭگۈلۈك سايلىغۇچىلار گەۋدىسى پەيدا بولۇشتىن ساقلانغان.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر پۈتۈن دۆلەتلىك خەلق سايلىمى بەرپا قىلىش ئارقىلىق سايلىغۇچىلار كومىتېتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تىرمىشىپ كۆردى-يۇ، كۆزلىگىنىگە يېتەلمىدى.

سوئال: خەلق سايلىمىدا ئۇتتۇرۇپ قويغان پرېزىدېنتلىق نامزاتى پرېزىدېنت بولالامدۇ؟

جاۋاب: يېقىنقى ئامېرىكا تارىخىدا سايلىغۇچىلار كومىتېتى خەلق سايلىمىدا غەلبە قىلغۇچىنى پرېزىدېنت بولۇشتىن چەكلەپ قويغان ئەھۋال ئىككى قېتىم كۆرۈلگەن.

2016-يىلى ھىلارى كلىنتون ئۈچ مىليون سايلام بېلىتىگە ئېرىشىپ غەلبە قازانغان. بىراق، دونالد ترامپ 57 پىرسەنت بېلەتنى قولغا كەلتۈرۈپ، ھىلارىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن.

ئوخشاش ئەھۋال 2000-يىلىمۇ يۈز بەرگەن. دېموكراتلاردىن چىققان پرېزىدېنت نامزاتى ئالگور سايلام بېلىتىنى قولغا كەلتۈرۈش جەھەتتە ئۇتقان. بىراق، جۇمھۇرىيەتچىلەردىن چىققان پرېزىدېنت نامزاتى جورجى

بۇش سايلىغۇچىلار ھەيئىتىنىڭ تېخىمۇ كۆپ بېلىتىگە ئېرىشكەن. پرېزدېنت بۇشنىڭ غەلبىسى فلورىدادىكى سايلام بېلىتىنىڭ قايتا سانىلىشى ۋە ئامېرىكا ئالىي سوتىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشى نەتىجىسىدە قولغا كەلگەن.

سايلام بېلىتىنى قولغا كەلتۈرۈش جەھەتتە مەغلۇپ بولغان، ئەمما سايلىغۇچىلار ھەيئىتى نەتىجىسىدە ئۇتقان باشقا پرېزدېنتلارمۇ مەۋجۇت. بېنجامىن خاررىسون (1888)، رۇزېرفورد خايس (1876)، جون كۇنسى ئادامس (1824) مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىن.

بىراق، يۇقىرىقى ئەھۋاللار ئالاھىدە ئەھۋاللار ھېسابلىنىدۇ. پرېزدېنتلىق سايلىمىدا سايلىغۇچىلار ھەيئىتى بىلەن سايلام بېلىتىنىڭ ماس كېلىشى توقسان پىرسەنت ئەھۋالدا ئوخشاش بولۇپ كەلدى.

بۇ يازما ئوقۇرمەنلەرنىڭ 2020 ـ يىللىق پرېزدېنتلىق سايلىمى توغرىسىدا سورىغان سوئاللىرىغا بېرىلگەن جاۋابلارنىڭ بىر قىسمىدۇر.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمە قىلغان

مەنبە:

https://www.wsj.com/articles/what-is-the-electoral-college-and-how-does-it-work-11604067608?mod=e2fb



# ئېدگار شېيننىڭ كەسپكە باغلىنىش رامكىسى

# ئېدگار شېيننىڭ كەسىپكە باغلىنىش رامكىسى

ئېدگار شېيننىڭ كەسىپكە باغلىنىش رامكىسى سىزنىڭ كەسىپكە بولغان ئەڭ چوڭ تۆرتكۈڭىزنى بايقىشىڭىزغا ياردەم بېرىدىغان، كەسىپچانلىقنى بېكىتىشكى تولىمۇ ئۈنۈمدار قورالدۇر. ئۇ يەنە خوللەند خاراكتېر نەزەرىيىسى ۋە باشقا تۈردىكى كەسىپچانلىقنى بېكىتىش ئۇسۇللىرىنىڭمۇ ئۈنۈملۈك تولۇقلىغۇچىسى بولالايدۇ.

ئېدگار شېيننىڭ كەسىپكە باغلىنىش رامكىسى كىشلەرنى كەسىپىلىك جەھەتتە سەككىز ئاساسى باغلىنىشقا ئايرىيدۇ:

1. تېخنىكىلىق (فۇنكسىيىلىك) ئىقتىدارى يۇقىرى بولغانلار. (بۇ تۈردىكىلەر) ئۆز ھۈنەر ـ ماھارىتىنى چېۋەرلىك ۋە ئۇستىلىق بىلەن ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشكە ۋە ئۆز ھۈنەر ـ ماھارەتلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈشكە ھەممىدىن بەك ئەھمىيەت بېرىدىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. سوتقا چۈشۈپ مۇنازىرىلىشىدىغان ئادۋوكاتلاردىن تارتىپ ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرىنى رېمونت قىلىدىغان رېمونتچى ئۇستاملار ۋە باشقا كەسپى ساھەرلەردىكى ئۇستىلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ جەھەتتىكى ئىقتىدارى يۇقىرى بولغان كىشىلەرگە تەۋە.

2. باشقۇرۇش ئىقتىدارى يۇقىرى بولغان كىشىلەر. بىرەر تەشكىلاتتا باش كۆتۈرۈشكە، تەدبىر ـ سىياسەت بەلگىلەشكە، ئوخشىمىغان تارماق ۋە كىشىلەرنى ئۆز ـ ئارا ماسلاشتۇرۇشقا، ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان ۋە بۇ جەھەتتە ئارتۇقچىلىقى بولغان كىشىلەر (باشقۇرۇش ئىقتىدارى يۇقىرى كىشىلەر تۈرىگە تەۋە ھېسابلىنىدۇ).

3. ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇش ۋە مۇستەقىللىق تەلىپى يۇقىرى كىشىلەر. ئۆزى قىلماقچى بولغان ئىشنى ئۆزى خالىغان ۋاقىتتا قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان كىشىلەردۇر. بۇ تۈردىكى كىشىلەر بىر بولسا شىركەت ـ كارخانىلاردا ئۆزى ياقتۇرغان شەكىلدە ئەركىن ھالەتتە ئىشلەشنى، ياكى بولمىسا ئۆز ئالدىغا ئەركىن كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش، مەسلىھەتچى بولۇپ ئىشلەش دېگەندەك خىزمەتلەرنى خالايدۇ.

4. بىخەتەرلىك ۋە مۇقىملىق تەلىپى يۇقىرى كىشىلەر. بۇ تۈردىكىلەر مۇقىم خىزمەتكە ھەر قانداق ئىشتىن بەكراق ئەھمىيەت بېرىدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار مەڭگۈلۈك، ئۇزۇن داۋاملىشىدىغان خىزمەتلەرنى تاللايدۇ. مۇشۇ تۈردىكى خىزمەتكە ئىگە بولغان تەقدىردە ئۆزىنى «خىزمەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم» دەپ

ئويلايدۇ. ئۇلار مۇقىم خىزمەتنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆز كوللېكتىپىغا سادىق بولۇشقا ۋە كوللېكتىپنىڭ تەلەپلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشكە مايىل كېلىدۇ.

5. ئېگىلىك تىكلەشتە يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى يۇقىرى بولغان كىشىلەر. بۇنداقلار ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت يارىتىش ئىشتىياقى كۈچلۈك كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار بۇ جەھەتتە ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇش ۋە مۇستەقىل بولۇش تەلىپى يۇقىرى كىشىلەرگە ئوخشايدۇ. بۇنىڭدىن سىرت بايلىق توپلاپ، مىراس قالدۇرۇشنى، شىركەت-كارخانا قۇرۇشنى، ئۇنى يۈرۈشتۈرىدىغان كۈچلۈك گۇرۇپپىسىنىڭ بولۇشىنى ئارزۇلايدۇ. ئۆز ئاكتىپچانلىقى ئارقىلىق تېخىمۇ چوڭ ئىش قىلالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

6. مەلۇم مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئۆزىنى بېغىشلاش تېپىدىكى كىشىلەر. بۇ تۈردىكى كىشىلەر مەھەللىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ساقلاش، كىلىماتنى قوغداش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتۈش، قىيىنچىلىقتىكى كىشىلەرگە ياردەم بېرىش قاتارلىق كۆپ خىل مەقسەتلەر ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلايدۇ. ناۋادا ئۇلار مەلۇم مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئۆزىنى بېغىشلاشتىن توسۇلسا، ياخشىلاش ۋە ئۆزگەرتىشتىن قول ئۈزىدۇ.

7. سېپى ئۆزىدىن كۈرەشچان ئىنسانلار. باشقىلار تاقابىل تۇرۇشقىمۇ ئۇرۇنۇپ باقمىغان كۈچلۈك دۈشمەنگە، مۇمكىنسىز توسالغۇلارغا ۋە ئەسەبىيلەرچە خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇشقا ئاتلانغان كىشىلەر مۇشۇ تۈرگە تەۋەدۇر.

8. ياشاش ئۇسۇلىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان كىشىلەر. ھايات خىزمەتتىنلا ئىبارەت ئەمەس دەپ قارايدىغان؛ ئۆز ھاياتىغا، ئائىلىسىگە ۋە بىر پۈتۈنلۈكنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان باشقا تەرەپلەرگە پايدىسى تېگىدىغان ئېلاستىكىلىقتا ئىگە خىزمەتنى خالايدىغان ئىنسانلار مۇشۇ كاتېگورىيەگە تەۋە. ئۇلار غەلىبىنى خىزمەت جەھەتتىكى غەلىبىدىنلا ئىبارەت دەپ قارىۋالمايدۇ.

ئېدگار شېيننىڭ بۇ ھەقتىكى كىتابى ۋە ئۇنىڭغا يانداش ماتېرىياللار ھەر بىر تۈردىكى كەسىپ ئالاھىدىلىكى ئۈچۈن كۆڭۈل خالايدىغان خىزمەتلەر، مائاش، مۇكاپات، ئۆسۈش سىستېمىسى ۋە ئېتىراپقا ئېرىشىش قاتارلىق جەھەتلەردە چوڭقۇر مەلۇماتلارنى بەرگەن. بۇ جەھەتتە ھەر قايسى تۈرلەرنىڭ خىزمەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكىدەك يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1.تېخنىكلىق (فۇنكسىيىلىك) ئىقتىدارى يۇقىرى بولغانلار.

بەسلىشىش، رىقابەتلىششىكە، ئۆز ئىقتىدارىنى سىناپ كۆرۈشكە مايىل كېلىدۇ. رىقابەتچانلىق يوق خىزمەتلەردىن زېرىكىش ھېس قىلىدۇ.

2. باشقۇرۇش ئىقتىدارى يۇقىرى بولغان كىشىلەر.

يۇقىرى مەسئۇلىيەتنى، ھەر قايسى بۆلۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، كۆپ خىل، بىر گەۋدىلەشكەن رەھبەرلىكنى قوغلىشىدۇ.

3. ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇش ۋە مۇستەقىللىق تەلپى يۇقىرى كىشىلەر.

ئۆزى مۇتەخەسسىسلەشكەن ساھەدە ئىش تەقسىماتى ئېنىق، ۋاقىت چەكلىمىچانلىقىغا ئىگە خىزمەتلەرنى قىلىشنى خالايدۇ.

4. بىخەتەرلىك ۋە مۇقىملىق تەلپى يۇقىرى كىشىلەر.

مۇقىم، ئالدىن پەرەز قىلغىلى بولىدىغان خىزمەتنى قوغلىشىدۇ. خىزمەتنىڭ ئۆزىگە قارىغاندا مائاش، مۇكاپات ۋە شارائىتى قاتارلىقلارنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ.

5. ئىگىلىك تىكلەشتە يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى يۇقىرى بولغان كىشىلەر.

يېڭىلىق يارىتىش ھەۋىسى ئۈستۈن بولىدۇ، تېز زېرىكىدۇ. دائىملا يېڭىلىق يارىتىش تېپىدىكى رىقابەتلەرگە ئىنتىلىدۇ.

6. مەلۇم مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئۆزىنى بېغىشلاش تىپىدىكى كىشىلەر.

بىرەر ئورگان ـ كوللېكتىپقا ياكى جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتەلىشكە ئۈيغۇن خىزمەتلەرنى خالايدۇ.

7. سېپى ئۆزىدىن كۈرەشچان ئىنسانلار.

توختاۋسىز چوڭقىيىدىغان، دەرىجىدىن تارقىشى قىيىنچىلىقلارغا تاقابىل تۇرىدىغان ھەر قانداق خىزمەتكە مايىل.

8. ياشاش ئۇسۇلىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان كىشىلەر.

بۇنداق كىشىلەرنىڭ «خىزمەتكە باغلىنىشلىقى كەمچىل» بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ئۆز ھاياتىغا پايدىسى تېگىدىغان ھەر قانداق ئىش ياكى نەرسىلەردۇر.

مائاش ۋە قوشۇمچە تەمىناتلار نۇقتىسىدىن:

1. تېخنىكىلىق (فۇنكسىيىلىك) ئىقتىدارى يۇقىرى بولغانلار.

ياراتقان نەتىجىسىنى نەزەرگە ئالماستىن، ئۆز ھۈنەر ـ ماھارىتىگە يارىشا ئىش ھەققى ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ كىرىم ئەھۋالىنى باشقا شىركەتلەردىكى ئۆزىگە ئوخشاش ماھىرلار بىلەن سېلىشتۇرىدۇ.

2. باشقۇرۇش ئىقتىدارى يۇقىرى بولغان كىشىلەر.

مائاشىنىڭ يۇقىرى بولۇشىنى ئارزۇلايدۇ. كىرىم جەھەتتە ئۆزى ئىشلەۋاتقان شىركەتتىكى ئۆزىدىن تۆۋەن ئورۇندىكى خىزمەتچىلەردىن ئۈستۈن تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. خىزمەت ئېپادىسىگە لايىق رەۋىشتە مۇكاپاتلىنىشنى بەك خالايدۇ.

3. ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇش ۋە مۇستەقىللىق تەلىپى يۇقىرى كىشىلەر.

قىلغان ئىشىنىڭ بەدىلىنى تېزدىن ئېلىشنى خالايدۇ. قوشۇمچە شەرت قويۇۋالمايدۇ.

4. بىخەتەرلىك ۋە مۇقىملىق تەلىپى يۇقىرى كىشىلەر.

مائاشىنىڭ مۇقىم بولۇشىنى ۋە ئىشلەش مۇددىتىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ مائاشىنىڭ ئۆسۈپ مېڭىشىنى ۋە بۇ ئۆسۈشنىڭ مىقدارىنىڭ ئالدىن بەلگىلەنگەن بولۇشىنى خالايدۇ.

5. ئىگىلىك تىكلەشتە يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى يۇقىرى بولغان كىشىلەر.

ئىگىدارچىلىق قىلىشنى ھەممىنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. پۇلنى نەتىجە قازىنىشتىكى بىر ۋاستە دەپ قارايدۇ.

6. مەلۇم مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئۆزىنى بېغىشلاش تىپىدىكى كىشىلەر.

ئەمگىكىگە يارىشا ئادىلانە مائاش ئېلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. مائاشنى ھەممىنىڭ ئالدىغا قويۇۋالمايدۇ. مۇئەييەن شىركەتكە ساداقەتچان بولمىغانلىقى ئۈچۈن نەق پايدىنى شەرت قىلىدۇ.

7. سېپى ئۆزىدىن كۆرەشچان ئىنسانلار.

توختاۋسىز چوڭقىيىدىغان، دەرىجىدىن تارقىشى قىيىنچىلىقلارغا تاقابىل تۇرىدىغان ھەر قانداق خىزمەتكە مايىل. (دىققەت: ئاپتور ئالدىنقى تۆردىكى ئوخشاش مەزمۇننى بۇ يەردە تەكرار يازغان.)

8. ياشاش ئۇسۇلىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان كىشىلەر.

بۇنداق كىشىلەرنىڭ «خىزمەتكە باغلىنىشلىقى كەمچىل» بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ئۆز ھاياتىغا پايدىسى تېگىدىغان ھەر قانداق ئىش ياكى نەرسىلەردۇر. (دىققەت: ئاپتور ئالدىنقى تۆردىكى ئوخشاش مەزمۇننى بۇ يەردە تەكرار يازغان.)

ئۆستۈرۈلۈش سىستېمىسى جەھەتتىن:

1. تېخنىكىلىق (فۇنكسىيىلىك) ئىقتىدارى يۇقىرى بولغانلار.

خىزمەت ئىقتىدارىنى جارىي قىلدۇرالايدىغان، باشقۇرۇش تېپىدىكى شەخس بىلەن تەڭداش ئورۇندا بولۇشنى خالايدۇ. خىزمەت ئىقتىدارىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن ئارامسىزلىنىدۇ.

2. باشقۇرۇش ئىقتىدارى يۇقىرى بولغان كىشىلەر.

ئۆز ئارتۇقچىلىقى، ئىپادىسى ۋە نەتىجىسى قاتارلىقلارغا لايىق رەۋىشتە ئۆستۈرۈلۈشى تەۋسىيە قىلىنىدۇ. كوللېكتىپنىڭ ئۇتۇقىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدىغانلىكى ھەر قانداق ئىشنى توغرا دەپ قارايدۇ.

3. ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇش ۋە مۇستەقىللىق تەلىپى يۇقىرى كىشىلەر.

تېخىمۇ بەك ئەركىن بولۇشنى خالايدۇ. دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈشىنى ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇشىنىڭمۇ ئۆسۈشى سۈپىتىدە كۆرىدۇ.

4. بىخەتەرلىك ۋە مۇقىملىق تەلىپى يۇقىرى كىشىلەر.

يېشىغا قاراپ ئۆستۈرۈلۈشكە مايىل كېلىدۇ.

5. ئىگىلىك تىكلەشتە يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى يۇقىرى بولغان كىشىلەر.

ئېھتىياج بولغان پەيتتە ئۆزى ئارزۇ قىلغان ۋە بولۇشى كېرەك بولغان ئورۇندا بولۇشنى خالايدۇ.

6. مەلۇم مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئۆزىنى بېغىشلاش تېپىدىكى كىشىلەر.

قوشقان تۆھپىلىرىنى قەدىرلەيدىغان، ئۆزىگە تېخىمۇ بەك تەسىر كۆچ ۋە ئەركىنلىك ئاتا قىلالايدىغان سېستىمىنى خالايدۇ.

7. سېپى ئۆزىدىن كۆرەشچان ئىنسانلار.
توختاۋسىز چوڭىيىدىغان، دەرىجىدىن تارقىشى قىيىنچىلىقلارغا تاقابىل تۇرىدىغان ھەر قانداق خىزمەتكە مايىل. (دىققەت: ئاپتور ئالدىنقى تۆردىكى ئوخشاش مەزمۇننى بۇ يەردە تەكرار يازغان.)

8. ياشاش ئۇسۇلىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان كىشىلەر.
بۇنداق كىشىلەرنىڭ «خىزمەتكە باغلىنىشلىقى كەمچىل» بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ئۆز ھاياتىغا پايدىسى تېگىدىغان ھەر قانداق ئىش ياكى نەرسىلەردۇر. (دىققەت: ئاپتور ئالدىنقى تۆردىكى ئوخشاش مەزمۇننى بۇ يەردە تەكرار يازغان.)

ئېتراپىقا ئېرىشىش نۇقتىسىدىن:
1. تېخنىكىلىق (فۇنكسىيىلىك) ئىقتىدارى يۇقىرى بولغانلار.
باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ ئېتراپىغا ئېرىشىشتىن بەكراق، كەسپداشلىرىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشىشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۆز خىزمىتىنى چۈشەنمەيدىغان ئەمەلدارلار تەرىپىدىن ئېتراپىقا ئېرىشىشنى كۆتمەيدۇ. ئۆگىنىشكە ۋە ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئامىمغا مۇتەخەسسىس سۈپىتىدە تونۇلۇشقا تەلپۈنىدۇ.

2. باشقۇرۇش ئىقتىدارى يۇقىرى بولغان كىشىلەر.
تېخىمۇ يۇقىرى مەسئۇلىيەتكە، شۇنداقلا ئۇنۋان ۋە ئەمەلىي كۈچىگە يارىشا ئۆسۈشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

3. ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇش ۋە مۇستەقىللىق تەلپى يۇقىرى كىشىلەر.
كۆتۈرۈپ يۈرگىلى بولىدىغان ئېتراپ قىلىنىشقا ئېرىشىشكە مايىل بولىدۇ. ئېغىزچە گۇۋاھلىق بېرىش، يېزىقچە تەقدىرنامىلەر ۋە ئېرىشكەن مۇكاپاتلار مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىن.

4. بىخەتەرلىك ۋە مۇقىملىق تەلپى يۇقىرى كىشىلەر.

ساداقەتمەنلىكى ۋە تۇراقلىق خىزمەت ئېپادىسى ئارقىلىق تونۇلۇشنى خالايدۇ. خىزمەتتىكى مۇقىملىققا ۋە ئىشلىتىلىشكە تەلپۈنۈشكە مايىل كېلىدۇ.

5. ئىگىلىك تىكلەشتە يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى يۇقىرى بولغان كىشىلەر.
بايلىق يارىتىش ۋە چوڭ شىركەتلەرنى قۇرۇش ئارقىلىق تونۇلىدۇ. ئاۋامنىڭ ئالدىدا نامايان بولۇشقا ۋە ئېتىراپقا ئېرىشىشكە خۇشتار كېلىدۇ.

6. مەلۇم مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئۆزىنى بېغىشلاش تېپىدىكى كىشىلەر.
ئېتىراپقا ئېرىشىشنى، خىزمەتداشلىرى ۋە باشلىقلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشنى ئارزۇلايدۇ. بۇ جەھەتتە كۆتكىنىگە ئېرىشەلمىسە، مەسلىھەتچىلىك دېگەندەك ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇش تېپىدىكى خىزمەتلەرگە كۆچىدۇ.

7. سېپى ئۆزىدىن كۈرەشچان ئىنسانلار.
توختاۋسىز چوڭىيىدىغان، دەرىجىدىن تارقىشى قىيىنچىلىقلارغا تاقابىل تۇرىدىغان ھەر قانداق خىزمەتكە مايىل. (دىققەت: ئاپتور ئالدىنقى تۆردىكى ئوخشاش مەزمۇننى بۇ يەردە تەكرار يازغان.)

8. ياشاش ئۇسۇلىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان كىشىلەر.
بۇنداق كىشىلەرنىڭ «خىزمەتكە باغلىنىشلىقى كەمچىل» بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ئۆز ھاياتىغا پايدىسى تېگىدىغان ھەر قانداق ئىش ياكى نەرسىلەردۇر. (دىققەت: ئاپتور ئالدىنقى تۆردىكى ئوخشاش مەزمۇننى بۇ يەردە تەكرار يازغان.)

**خۇلاسە**

كەسىپىي ئالاھىدىلىك رامكىسى كىشىنىڭ ئۆزى خالايدىغان خىزمەت ئۇسلۇبىنى بىلىۋېلىشىدا بەك ئەسقاتىدىغان رامكىدۇر. بىراق، بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم بولغىنى، بۇ رامكىدىن كىشىنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن كەسىپ تۆرتكۈسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشىدۇر. مانا بۇ كىشىنىڭ خىزمەت ھاياتى جەھەتتە ئۆزىدىن كېيىنكى ھەممىنى بەلگىلەيدىغان ئامىلدۇر.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمە قىلغان

**مەنبە:**

**https://vascopatricio.com/the_career_anchors**



# مەتبەئە تېخنىكىسىنى ئۇيغۇرلار كەشىپ قىلغان

سەلجۇق سىلسۇپەر

# مەتبەئە تېخنىكىسىنى ئۇيغۇرلار كەشپ قىلغان

## ئاپتورى: سەلجۇق سىلسۇپەر (تۈركىيە)

مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ ئىجات قىلىنىشى نەشرىيات ۋە ئاخباراتچىلىق تارىخى بويىچە، كۇلتۇر ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىنمۇ ئىنتايىن مۇھىم بىر ھادىسىدۇر. غەربلىكلەر مەتبەئە تېخنىكىسىنى ئىجات قىلغان كەشپىياتچى سۈپىتىدە يوھان گۇتېنبۇرگنى كۆرسەتسىمۇ، ھەقىقەتتە مەتبەئە تېخىكىسىنى ئۇيغۇرلار گۇتېنبۇرگتىن بۇرۇنلا ئالتىنچى ئەسىردە ئىجاد قىلغان.

دەسلەپكى مەزگىلدە تۈلەس، كېيىنكى دەۋرلەردە توققۇز ئوغۇز نامى بىلەن ئاتالغان بۇ قەۋم 744 ـ يىلى تۇنجى ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇرغان. بۇ دۆلەت 840 ـ يىلىغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. ئاقىۋەتتە قىرغىزلار تەرىپىدىن يىقىتىلغان. دۆلەتنىڭ يىقىلىشى سەۋەبلىك، ئۇيغۇرلار ئىچكى ئاسىيادا بەشبالىق، تۇرپان، خوجا قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ بارغان ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تۇرپاندا داۋاملاشتۇرۇپ ئولتۇراقلىشىش ھاياتىغا قەدەم قويغان. ئۇيغۇرلار باشقا تۈركى خەلقلەردىن بۇرۇن بۈيۈك مەدەنىيەتلەر بىلەن ئالاقە قۇرۇپ، بىلىم، كۇلتۇر، تىجارەت قاتارلىق نۇرغۇن يېڭى شەيئىلەرنى ئۆگىنىپ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەڭ مەدەنىي مىللەتلەردىن بىرى بولغان.

981 ـ يىلىدىن 984 ـ يىلىغىچە قاراخوجاغا خىتاي ئەلچىسى سۈپىتىدە ئەۋەتىلگەن ۋاڭ يەندى ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى كۆز ـ قاراشلىرىنى تۆۋەندىكىدەك خاتىرلەيدۇ:«بەش بالىقتا بەك كۆپ ئۆيلەر، مۇنارلار ۋە باغچىلار بار ئىكەن، ئۇيغۇرلار ئەقىللىق، توغرا خاراكتېرلىك ۋە نومۇسلۇق ئىنسانلار ئىكەن. ئالتۇن، كۈمۈش، مىس ۋە تۆمۈردىن بىر نەرسە ياساشنى بىلىدىكەن. تەشتەك، قاچا، قازان ساھەسىدە مۇكەممەل ئەسەرلەرنى ياراتقانىكەن». ئەلچى ۋاڭ يەندى يەنە تۇرپاندا توقۇلغان ئۇيغۇر رەختلىرىگە ھەيران قالغانلىقىنى، ھەر بىر ئۇيغۇر ئۆيىدە مۇتلەق ھالدا بىر كىتابخانا تېپىلىدىغانلىقىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ تېرىنى

ناھايىتى ياخشى ئاشلاپ ئىشلىتىدىغانلىقىنى، تۆمۈر ۋە پولات تاۋلاپ قورال ياسايدىغانلىقىنى، ھەتتا قورال سودىسىنى ئۆز كونتروللۇقىدا تۇتۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى بايان قىلغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە كۆمۈرنى بايقاپ نۇرغۇن ساھەلەردە ئىشلەتكەنلىكى مەلۇم.

ئۇيغۇر تۈركلىرى كۆكتۈرك ئېلىپبەسىدىن كېيىن 14 ھەرپلىك ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنى ئىشلەتكەن.

تۈركولوگ ئا. ۋون. لى كوگنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا، ياۋروپاغا سىلىشتۇرغاندا، ئۇيغۇر تۈركلىرى ئوقۇش ۋە يېزىشنى ياۋروپادىن خېلىلا بۇرۇن باشلىغان. ياۋروپادا ساناقلىق كىشىلەر ئوقۇش ـ يېزىشنى بىلسە، ئۇيغۇرلاردا دېھقانلار، يېزا ئاھالىلىرى، سودىگەر، قىسقىسى ھەممە ئادەم ئوقۇش ـ يېزىشنى بىلەتتى. تۇرپان ئۇيغۇرلىرى يەرلىك كۆلتۈرلەر ئىچىدە ئەڭ ئىلغار كۆلتۈرنىڭ ۋەكىللىرى ئىدى. مانى دىنى ۋە بۇددا دىنى ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا قىلىنىشى بىلەن ناھايىتى گۈللەنگەن باي بىر ئەدەبىي تىل تەرەققىي قىلغانىدى. بۇ قول يازمىسى ياكى بېسىلغان كىتابلارنىڭ بىر قىسمى مىڭ بۇددا (دۇنخۇاڭ) غارىدىكى ئېتىكاپخانىلىرىدا تېپىلدى. تېپىلغان ئەسەرلەر ئارىسىدا ئالتۇن ـ يارۇق (ئالتۇن چىراق)، سەككىز يۈكمەككە ئوخشاش بوغۇم ۋەزنى بىلەن يېزىلغان دىنىي قەسىدىلەرنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. نام ـ شەرىپى مەلۇم بولغان تۇنجى ئۇيغۇر شائىرى بولسا ـ ئاپرىنچۇر تېكىن ئىدى.

ئا گىرۈنۋېدىل، ئا ۋون لىكوگ، ئاۋرېل ستەيىن قاتارلىقلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ۋە تەتقىقاتلار نەتىجىسى ـ مىنياتۇرلار ۋە شەخسلەرنىڭ سۈرەتلىرى بىلەن بېزەلگەن ئۇيغۇر يازمىلىرى ۋە بېسىلغان كىتابلار بىلەن تولغان كۈتۈپخانىلار نىڭ بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋشدۇ.

بۇ ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلاردا بايقالغان يازما ۋە باسما ئەسەرلەر، تاشكېمىر ۋە ئويمىلار، خارابىلەر ئارىسىدا ۋەيران بولۇشقا يۈزلەنگەن.

ئۇيغۇرلار يەنە قەغەز ياساشنىمۇ بىلەتتى.

ئەمما تولىمۇ ئەپسۇسكى، بىز تۈرك دۇنياسى بۇ قىممەتلىك ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئەنگىلىيە، گېرمانىيە، روسىيە، ھىندىستان، جۇڭگو مۇزېيلىرىغا يوللاپ قاراپ ئولتۇردۇق.

7 ـ ئەسىردىن 9 ـ ئەسىرگىچە ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ ئىلغار توپلۇم (مىللىي بىرلىك)نى شەكىللەندۈرگەن ئۇيغۇر تۈركلىرى كىتاب بېسىش تېخنىكىسىنىمۇ ئىجات قىلغان. بۇ چاغداش(دەۋرىمىز) مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان ھەرىكەتچان ھەرپ سىستېمىسىنى تەتبىقلايدىغان باسمىچىلىق تېخنىكىسى ئىدى.

ئا گىرۈنۋېدىل. ئا ۋون لىكوگلار 1902 ـ 1907 ـ يىللىرى شەرقىي تۈركىستاننى قېدىرىپ تەكشۈرۈش جەريانىدا، تۇرپاندا ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان قاتتىق ياغاچتىن قېلىنغان يۈزلىگەن ھەرپلەرنى تاپقان.

شۇنىڭدىن كېين (1906 ـ 1909) پ. پېللىئوت مىڭ بۇددا (دۇنخۇۋاڭ) غارلىرىدىن چىقارغان تۈركچە ھەرپلەر دۇنيادا مەتبەئە ھەرپلىرى بويىچە ئەڭ قەدىمكى ھەرپلەردۇر دېگەن ئىلمى پاكىتنى ئوتتۇرىغا قويغان.

(مەنبەسى: تۈرك ئېنسكلوپېدىيەسى، 3 ـ جىلت، ئىسمەت بىرانىك، ئۇيغۇرلاردا مەتبەئە)

رۇس ئالىمى ئولدىنبېرگ قەشقەر ۋە تۇرپان ئەتراپىدىكى تەكشۈرۈشلىرىدىن كېيىن زامانىۋى ئۇقۇمدىكى مەتبەئەنىڭ پىروتوتىپى بولغان ھەرىكەتچان ئۇيغۇر ھەرپلىرىنىڭ بايقالغانلىقىنى، فرانسۇز ئالىمى ج. ر. رىسلەرمۇ يارۋوپادىن 600 يىل بۇرۇن تۈرك دۆلىتىدە بېسىلغان ئەسەرلەردىن بىلىنگەن ۋە ئۇيغۇر مەتبەئە تېخنىكىسىنى موڭغۇللارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ياۋروپاغا توشۇغانلىقىنى ئىپادە قىلدۇ.

مەتبەچىلىك تېخنىكىسى تارىخ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان تەتقىقاتچى توماس چارتېر :«يەر شارىدا مەۋجۇت بولغان ئەڭ قەدىمكى مەتبەئە ھەرپلىرى ئۇيغۇر تىلىدا بولۇپ، تۆركچىگە مەنسۇپتۇر. مەتبەئە تېخنىكىسىنى خىتايلارغا مەنسۇپ دەپ قاراش شۈبھىلىكتۇر، چۈنكى سلابىك ھەرپلەردىن تەشكىل تاپقان خىتاي يېزىقىنىڭ شۇ تارىخى شارائىتتا مەتبەئە تېخنىكىسىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭ ئەكسىچە، 14 ھەرپلىك ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ مەتبۇئات تېخنىكىسىغا ئۇيغۇن كېلىشى ئەڭ قولايدۇر».

تۇرپان، بەشبالىق، قاراغوجا، ياركەنت، خوتەن ۋە باشقا ئۇيغۇر شەھەرلىرىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردا قولغا چۈشۈرۈلگەن، قاتتىق ياغاچتىن ياسالغان ھەرىكەتچان ھەرپلەر ئۇيغۇر تۆركلىرىدە مەتبەئە سەنئىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلغۇسىز دەرىجىدە ئىسپاتلىماقتا.

ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرى بىلەن ھەقلىق بىر شۆھرەتكە ئۇلاشقان پىروفېسور ئانماريا ۋون گابائىن «تۇرپان كوللېكتىپ باسمىلىرى»(«تۇرپان تېكستلىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)ناملىق ئەسرىدە جۇڭگو ۋە ئۇيغۇر كىتابچىلىقى ھەققىدە بەك مۇھىم ئۇچۇرلارنى بەرگەن:

ئا ۋون گابائىننىڭ قارىشىچە، جۇڭگودا سىلىندىر شەكىلدىكى قول يازمىسى بولغان كىتابلاردا بەت نومۇرى يوق. بۇنىڭ ئەكسىچە، مىڭ بۇددا (دۇنخۇۋاڭ) غارلىرىدىن چىقىرىلغان يازما ۋە باسما كىتابلاردا كىتابىنىڭ ئوڭ تەرەپ ئۈستى بۇلۇڭىدا بەت نومۇرى بار ئىدى. ئا ۋون گابائىن خانىم بۇ ھەقتە توختىلىپ:«ئۇيغۇرلارغا دائىر خۇسۇستا كەسكىن بىر قانائەتكە ئىگە بولدۇق» دېگەن.

ئا ۋون گابائىن بىر تېمىغا تېخىمۇ بەك دىققەت قىلغان: جۇڭگولۇقلار ھەرىكەتلىك ھەرپلەرنى بىردىن بىردىن ئەمەس، كەلىمىلەر ۋە گراماتىكىلىق قوشۇمچە ھالىتىدە تۆكۈشى كېرەكلىكى، خەنزۇ تىلىنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ ھەرىكەتچان ھەرپلەرنى پەيدا قىلىشىغا ۋە بۇ ئارقىلىق مەتبەئەدە بېسىشقا ئۇيغۇن ھالەتتە بولمايدىغانلىقى، مەتبەئەنىڭ ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن بايقالغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

پىروفېسور ئا ۋون گابائىن جۇڭگو يارلىق پەرمانلىرىنى بېسىشتا ئىشلىتىدىغان قەغەزنىڭ قوپال ۋە قېلىن ئىكەنلىكىنى، يارلىقنىڭ قەغەزگە بېسىشقا ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئەكسىچە ئۇيغۇر باسمىچىلىقىدا قوللىنىلغان قەغەزنىڭ ئىنچىكە ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇر يازمىلىرىدا كۆرۈلگەن كىتاب بېزەش سەنئىتىنىڭ دۇنيادا بايقالغان تۇنجى ئۆرنەك ئىكەنلىكىنى، بۇلارنىڭ رەڭسىز قويۇلىدىغانلىقى ياكى رەڭلەر

بىلەن بېزىلىدىغانلىقى، ئوخشاش ئەھۋالنىڭ باسما بويۇملىرىدىمۇ كۆرۈلىدىغانلىقى. قولدا يېزىلغان ياكى بېسلغان كىتاپلارنىڭ جانلىق ئۇسلۇب جەھەتتىن جۈگگو ئۇسلۇبىدىن يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

گابائىن خانىم شەكىل ۋە مىنىياتۇرلاردا كۆرۈلىدىغان ئېتنولوگىيەلىك ئامىللارنىڭ، كىيىم-كېچەكلەرنىڭ، پۈتىغا كېيىلىدىغانلار ئىچىدىن ئاياغنىڭ، يۈز قىسمى، ساچ ۋە ساقال جەھەتتىن تامامەن تۈركلەرگە خاس ئىكەنلىكىنى ۋە جۇڭگو سەنئىتىگە ھېچقانداق ھالەتتە ئوخشاتالمىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا گابائىن ئۇيغۇر يازمىلىرىغا رەسىم كىرگۈزۈش تېخنىكىسىنىڭ جۇڭگودىن پەرقلىق ھالدا يۈك ۋە قومۇش قەلەم بىلەن ئىشلىنىدىغانلىقى، جۇڭگولۇقلاردا بولسا پەقەت يۇڭ قەلەم بىلەنلا ئىشلىنىدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.

ئىستانبۇل ئۇنىۋېرستېتى قەدىمي مائارىپ مۇتەخەسسلىرىدىن بىرى پروففسور ھەلمۇس سئودا بوسسرت ئىككىنچى نۆۋەتلىك تۈرك تارىخى قۇرۇلتىيىدا سۇنغان «تەبئىي سەنئەتنىڭ كەشىپ قىلىنىشى»ناملىق ماقالىسىدە، مەتبەئەنىڭ جۇڭگولۇقلار تەرىپىدىن ئەمەس، ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن بايقالغانلىقىنى ھەر خىل پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلىدى. پروففسور بوسسرت :«دەسلەپتە ھەرپ سانى ئاز بولغان بىر ئېلىپبە بولۇشى كېرەك ئىدى، ۋەھالەنكى خەنزۇچىدا بولسا ھەرپ ئەمەس 4384 بىرلىك بوغۇم بار ئىدى».

توماس فىرانسز چارتىر :«مەتبەئەنىڭ غەرپكە ئېلىپ بېرىلىشىدا ۋە تارقىلىشىدا تۈركلەرنىڭ بەك چوڭ رولى بار» دېگەنىدى.

ئالبېرت ۋون لىكوك، ھەلمۇرت بوسېرت ۋە لاسزلو راسونى قاتارلىق دۇنياغا مەشھۇر تۈركولوگلارمۇ مەتبەئەنى تۈركلەرنىڭ ئىجات قىلغانلىقىنى ۋە 1241-يىلىدا ئالتۇن ئوردا كۆچلىرىنىڭ گېرمانىيەگە كىرگەن چېغىدا (غەربنىڭ-ت) مەتبەئەنى شۇ ۋاستە بىلەن ئۆگەنگەنلىكىنى بىلدۈرمەكتە.

يېڭى مەتبەئەنى ئۇيغۇر تۈركلىرى ئىجات قىلغان، گۈتىنبېرگ بولسا پەقەت مەتبەئەنى كىرىشتۈرۈپ تەرەققى قىلدۇرغان.

(مەنبە: تۈركلەر ئنسكلوپېدىيەسى، 3-قىسىم، ئىسمەت بىرانىك، ئۇيغۇرلاردا مەتبەئە)

تۈركچىدىن تاھىر ئىمىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان

مەنبە:

https://www.uygur.com/archives/medeniyet/3120




# فىنلاندىيە تاتارلىرى

# فىنلاندىيە تاتارلىرى

فىنلاندىيە تاتارلىرىنىڭ نوپۇسى مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇلار ۋولگا تاتارلىرى رايونىدىن فىنلاندىيەگە كۆچۈپ كەلگەن. فىنلاندىيە تاتارلىرى مىشار تاتارچىسىدا سۆزلەيدۇ. ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىي مەزھىپىدە. فىنلاندىيە تاتارلىرى فىنلاندىيەدە نەچچە ئەۋلاد ياشىغىنىغا قارىماي، ئۇلار ۋولگا تاتارلىرى مەدەنىيىتىنىڭ ھەممە ۋارىيانتلىرىنى دېگۈدەك ئۆز ـ ئارىسىدا ياشنىتىپ كەلگەن.

فىنلاندىيە تاتارلىرىنىڭ ئومۇمىي قىسمى خېلسىنكىدا ياكى ئۇنىڭغا يېقىن جايلاردا ياشايدۇ. ئۇلار جامائەتچىلىكنى ياخشى راۋاجلاندۇرغان بولۇپ، فىنلاندىيە تاتارلىرى فىنلاندىيە ئىسلام جامائەتچىلىكىنىڭ ساھىبخانلىرىدۇر.

نۆۋەتتە فىنلاندىيە تاتارلىرى مىشار تاتارچىسى بىلەن بىرلىكتە فىنچە، شۋېداقلا شېۋتچە سۆزلەيدۇ. (شېۋتچە فىنلاندىيەدىكى ھۆكۈمەت تىللىرىدىن بىرىدۇر.)

### تاتارلار فىنلاندىيەگە قاچان قەدەم باسقان؟

بۈگۈنكى فىنلاندىيە 1809 ـ يىللىرىدىن 1917 ـ يىلغىچە بولغان يۈز يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا چاررۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر پارچىسى بولغان. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تاتارلار بۇ رايونغا چارۇسىيە تەرىپىدىن مەزكۇر زېمىندا ياسىلىدىغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن، بولۇپمۇ بومارسۇند قەلئەسى ۋە خېلسىنكى دېڭىز قىرغىقىغا تارقالغان ئالتە ئارالدىكى مىنېلىننا دېڭىز قەلئەسى قاتارلىقلارنى ياساش ئۈچۈن كەلگەن.

مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ئېلىپ كېلىنگەن تاتارلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاقىۋەتتە چاررۇسىيەگە قايتىپ كەتكەن بولۇپ، ئاز قىسمى نۆۋەتتىكى فىنلاندىيەدە قېلىپ قالغان. چاررۇسىيەدىن بىر كەلگەنچە قايتمىغان تاتارلارنىڭ بەزىلىرى بومارسۇندتىكى ئىسلام مازارلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

### 1870 ـ يىلدىن 1920 ـ يىلنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە

فىنلاندىيە تۇپرىقىغا دەسلەپتە يەرلەشكەن تاتارلار فىنلاندىيەدە ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك، كۆپ ئەۋلادلىق جامائەتچىلىك شەكىللەندۈرمىگەن. فىنلاندىيەدىكى تاتار جەمئىيەتلىرىنى ياكى تاتارلار باشچىلىقىدىكى جەمئىيەتلەرنى ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادلىرى قۇرۇپ چىققان.

فىنلاندىيەگە كەلگەن تاتارلار ۋولگا دەرياسى بويىدىكى سېرگاچىسكى رايونىغا جايلاشقان يىگىرمە ئەتراپىدىكى كەنتلەرنى مەنبە قىلغان. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى دېھقان بولۇپ، فىنلاندىيەگە تىجارەتچى يۈك ۋە رەخت تىجارەتچىسى سۈپىتىدە كەلگەن. خېلسىنكى سودا مەركىزى بولغاچقا ئۇلار شۇ شەھەرگە بېرىپ، خېلسىنكىدا ۋە ئۇنىڭغا يېقىن رايونلاردا ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

بەزى تاتارلار ئەينى چاغدا كارلىيان ئىسمۇس رايونىغا تەۋە ۋىيبورگ دېگەن يۇرتقا جايلاشقان. بۇ رايون 1940 ـ يىلى ئىمزالانغان موسكۋا تىنچلىق كېلىشىمى نەتىجىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ يەردىكى تاتارلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا بولۇشنى خالىماي، خېلسىنكىغا كۆچۈپ كېتىشكەن. 1943 ـ يىلى فىنلاندىيەنىڭ تامپېرى شەھرىدە تاتار مۇسۇلمانلار جامائىتى قۇرۇلغان.

## بۈگۈنكى فىنلاندىيە تاتارلىرى

بۈگۈنكى فىنلاندىيە تاتارلىرى فىنلاندىيە جەمئىيىتى بىلەن ئىچ قويۇن ـ تاش قويۇن بولۇپ ياشايدۇ. ئۇلار فىنلاندىيەدە تۈرلۈك كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شۇنداقلا بولۇشىغا قارىماي، فىنلاندىيە تاتارلىرىنىڭ سانى مىڭ ئەتراپىدا بولۇشىمۇ، تاتار تىلى، مەدەنىيىتىنى ۋە ئىسلام دىنىنى ئۆز ئارىسىدا ساقلاپ قېلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن.

سانى مىڭغا يەتمەيدىغان فىنلاندىيە تاتارلىرى بىر زامانلاردا فىنلاندىيەدە رومال، شېئىر، سىنارىيە، دىنىي ئەسەر، ھەتتا ھەپتىلىك گېزىت ـ ژۇرناللارنى تاتار تىلىدا نەشر قىلىپ تارقاتقان بولۇپ، ھازىر بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى توختاپ قالغان. ئۇلار تاتار تىلىنى ھەر تۈرلۈك مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ساقلاپ كەلمەكتە.

## فىنلاندىيە ئىسلام جامائىتى

فىنلاندىيە دىن ئەركىنلىكى قانۇنى 1922 ـ يىلى ماقۇللانغان ، فىنلاندىيە ئىسلام جامائىتى (تاتارچە: فىنلاندىيە ئىسلام سېماتى. فىنلاندىيەچە: Suomen Islam ـ seurakunta) شۇنىڭدىن ئۈچ يىل كېيىن قۇرۇلغان.

بۇ جامائەت فىنلاندىيەدىكى تاتارلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە دىنىي ئېتىقادى سىستېمىسىنى قوغداشتىكى مۇھىم تەشكىلات ، ئۇ خېلسىنكى ۋە جارۋېنپا بازىرىدىكى مەسچىتلەرنى باشقۇرىدۇ. خېلسىنكى ، تۇركۇ (Åbo) ۋە تېمپېرېدىمۇ تاتار ئىسلام قەبرىستانلىقى بار.

ھازىرغا قەدەر، ژارۋېنپا مەسچىتى فىنلاندىيەدە سېلىنغان بىردىنبىر مەسجىدتۇر. ياغاچتىن ياسالغان بۇ مەسچىتىن خېلسىنكىغا تەخمىنەن 30 كىلومېتىر كېلىدىغان بولۇپ، 1942 ـ يىلدىن باشلاپ ئىشلىتىلىپ كەلگەن. مەسجىدنىڭ كىچىك مۇنارى بولسىمۇ، ئەمما بۇ مۇنار ئەزان ئوقۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلمەيدۇ.

تاتار ئىسلام جامائىتى «تاتار بولمىغانلار فىنلاندىيە ئىسلام جامائىتىنىڭ ئەزاسى بولالمايدۇ» دەپ بەلگىلىمە چىقارغان. بۇ فىنلاندىيە تاتارلىرىنىڭ ئۆز ساپلىقىنى ساقلاپ قېلىشتىكى پرىنسىپى بولسا كېرەك.

**تاتار مەدەنىيەت جەمئىيىتى**

بۇ جەمئىيەت 1935 ـ يىلى قۇرۇلغان. ھەر تۈرلۈك مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ كەلگەن. بۇ جەمئىيەتنى فىنلاندىيە ئىسلام جامائەتچىلىكى يۆلەيدۇ.

**يولدۇز تەنتەربىيە كۇلۇبى**

فىنلاندىيە تاتار جەمئىيىتى تاتار ئىسلام جامائەتچىلىكىنىڭ قوللىشى نەتىجىسىدە، يولدۇز تەنتەربىيە كۇلۇبىنى 1945 ـ يىلى قۇرغان. بۇ كۇلۇبنىڭ ئەڭ داڭلىق بەلگىسى ئۇلارنىڭ پۇتبول كوماندىسىدۇر. فىنلاندىيە دۆلەتلىك پۇتبول كوماندىسىدا 26 مۇسابىقىگە قاتناشقا ئاتىك ئىسمائىلىنى مۇشۇ كۇلۇب تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىمۇ فىنلاندىيەدىكى تاتار پۇتبولچىلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.

**تاتار باشلانغۇچ مەكتىپى**

1948 ـ يىلدىن 1969 ـ يىلغىچە خېلسىنكى تاتار باشلانغۇچ مەكتىپى مەۋجۇت بولغان. مەكتەپنىڭ چىقىمىنىڭ بىر قىسمىنى خېلسىنكى شەھەرلىك ھۆكۈمىتى، بىر قىسمى تاتار ئىسلام جەمئىيىتى كۆتۈرگەن. مەكتەپتە فىنچە ۋە تاتارچە ئىككى تىلدا دەرس ئۆتۈلگەن. 1969 ـ يىلدىن باشلاپ، بۇ مەكتەپ دەرستىن كېيىنكى كۇرسقا ئۆزگىرىپ، تاتار ئىسلام جامائىتى تەرىپىدىن تاتار تىلى، مەدەنىيىتى ۋە دىنىي تەلىم تەربىيە يۈرگۈزۈلگەن.

كۈنىمىزدە بۇ ئورۇن تەتىللىك تەربىيىلەش مەركىزى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىۋاتىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمە قىلغان

مەنبە:

www.tatar.info/the_tatars_of_finland



# مالكولم ئېكس

# مالكولم ئېكس

مالكولم ئېكس (ئىسلامچە ئىسمى: مالىك شاھباز) ئامېرىكا نېگىرلىرىدىن يېتىشىپ چىققان ئەڭ مەشھۇر شەخسلەردىن بىرىدۇر. ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمى ئىرقچىلىققا قارشى تىنىمسىز كۈرەش قىلىش بىلەن قىلغان. گەرچە ئۇنىڭ ۋاپات بولغىنىغا يېرىم ئەسىردىن ئاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ دۇنيادىكى تەسىرى تېخىچە كەتكىنى يوق.

مالكولم ئېكس 1925 ـ يىلى، 29 ـ ماي ئامېرىكانىڭ نېبراسكا (Nebraska) شتاتىنىڭ ئوماخا شەھرىدە نامرات ئائىلىدە تۇغۇلغان. (مالكولم ئېكسنىڭ ئەسلى ئىسمى مالكولم لىتل بولۇپ، تۈرمىدە يېتىپ چىققاندىن كېيىن، ئىسمىنى مالكولم ئېكسقا ئۆزگەرتكەن.) مىچىگان شەھرىدە چوڭ بولغان. دادىسىنىڭ ئىسمى ئېرل لىتل (Earl Little)، ئانىسىنىڭ ئىسمى ئەننى لۇيىس لىتل (Anne Louise Little). مالكولم ئائىلىدىكى يەتتە پەرزەنتنىڭ تۆتىنچىسىدۇر. مالكولمنىڭ دادىسى مالكولم ئالتە ياش چېغىدا ئىرقچىلار تەرىپىدىن سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن. ئانىسى ئائىلىسىگە كەلگەن ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەر، تۈرمۈش بېسىمى، ئىشسىزلىق قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى ئەقلىدىن ئادىشىپ قېلىش گىردابىغا بېرىپ قالىدۇ، ئاقىۋەتتە ئەقلىدىن ئاداشقانلارغا ساناتورىيىسىگە ئاپىرىۋېتىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مالكولم ئۆسمۈرلۈك ھاياتىنى يېتىمخانىلاردا ئۆتكۈزىدۇ.

مالكولمنىڭ مەكتەپ ھاياتى ئەسلىدە ناھايىتى ياخشى ئۆتكەن بولۇپ، مەكتەپتە ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇغان. مەكتەپتە بىر ئاق تەنلىك ئوقۇتقۇچى بولۇپ، مالكولمنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. مالكولمدىن چوڭ بولغاندا نېمە ئىش قىلغۇسى بارلىقىنى سورايدۇ. مالكولم ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا ئادۋوكات بولغۇسى بارلىقىنى ئېيتىدۇ. ئوقۇتقۇچى بۇ جاۋابتىن ھەيران قالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ياغاچچىلىق تىپىدىكى ئىشلارنى قىلىش ماس كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. مالكولم قارا تەنلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭ ئاق تەنلىكلەرگە خاس كەسىپ بىلەن شۇغۇللانماقچى بولغىنىنى ياقتۇرمىغان، مالكولمنى، قارا تەنلىكلەرنى تۆۋەن كۆرگەن ۋە مالكولمنىڭ قەلبىگە ئۆمۈرلۈك قارا داغنى ئورنىتىۋەتكەن ئىدى. مالكولم ئاقىۋەتتە ئوتتۇرا مەكتەپنى ئوقۇماستىن، مەكتەپنى تەرك ئەتكەن.

مالكولم مەكتەپتىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئاياق مايلاش، ئۇششاق ماللارنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ سېتىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدۇ. كېيىن، نيۇيوركتىكى قارا تەنلىكلەرنىڭ مەشھۇر رايونى بولغان خارلېمغا

(Harlem) كۆچۈپ كېلىدۇ. بۇ يەردە زەھەرلىك چېكىملىك سېتىش، ئوغرىلىق قاتارلىق ھەر خىل يامان ئىشلارنى قىلىدۇ. 1946 ـ يىلى ئوغرىلىق جىنايىتى بىلەن تۈرمىگە كىرىدۇ.

مالكوم ئېكسنىڭ تۈرمە ھاياتى توغرىسىدىكى مۇنۇ گېپى مەشھۇردۇر:

«بىر ئىنساننىڭ تەپەككۇر يۈرگۈزۈشكە ئېھتىياجى بولسا، ئۇ باردىغان ئەڭ ياخشى يەر ئۈنىۋېرسىتېت كېيىن تۈرمىدۇر. تەپەككۇر قىلىش تەشۋىق قىلىنغان تەقدىردە، كىشى تۈرمىدە ھاياتىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ.»

ۋاللاس فارد (Wallace D. Fard) 1930 ـ يىلى ئامېرىكانىڭ دېتروئىت شەھرىدە ئىسلام مىللىتى (Nation of islam) نامىلىق تەشكىلات قۇرۇلغان ئىدى. 1934 ـ يىلى بۇ تەشكىلات ئېلىجا مۇھەممەد (Elijah Muhammad) تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان. مالكولم ئېكس تۈرمىگە كىرىپ بىر مەزگىلدىن كېيىن مۇشۇ تەشكىلاتنىڭ تۈرمىگە كىرگەن ئەزالىرىدىن بىرى مالكولمغا چوشقا گۆشى يېمەسلىكنى جېكىلىگەن. مالكولم ئېكس تۈرمە يىللىرىدا مۇشۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولغان. ئەمما، بۇ تەشكىلات توغرا ئىسلام دىنىدىن ئازغان بىر تەشكىلات ئىدى. تەشكىلات رەھبىرى ئېلىجا مۇھەممەد ئاق تەنلىكلەرنىڭ شەيتان ئىكەنلىكىنى، كەلگۈسىدە قارا تەنلىكلەرنىڭ كۈچلىنىپ ئاق تەنلىكلەرگە قارشى ئۇرۇشۇپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىدىغانلىقىنى، ئاق تەنلىكلەرنىڭ جىنايەتچى ئىكەنلىكىنى داۋا قىلاتتى. ئەزالىرىنى ئاق تەنلىكلەرگە قارشى نەپرەت، ئۆچمەنلىك ۋە دۈشمەنلىككە دەۋەت قىلاتتى. بۇ تەشكىلات ئۆزىگە ئىسلام ئىسمىنى قويغان بولسىمۇ، چوشقا گۆشىنى يېمەسلىكتىن باشقا جەھەتتە ئىسلام بىلەن ھېچقانداق باغلىنىشى يوق ئىدى، تەشكىلات رەھبىرىنىڭ ئاللاھ ھەققىدە، ئىسلام ئەقىدىسى توغرىسىدا چەكتىن ئاشقان، قورقۇنچلۇق ۋە بۇزۇق چۈشەنچىلىرى بار ئىدى. تەشكىلات ئەزالىرى ئېلىجا مۇھەممەدنى پەيغەمبەرگە باراۋەر دەپ كۆرەتتى. مالكولم ئېكس تۈرمىدە ئېلىجا مۇھەممەد بىلەن مەكتۇپلاشقان ۋە ئۇنىڭغا مۇرت بولغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

مالكولم ئېكس 1952 ـ يىلى تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، بۇ تەشكىلاتتا ئاكتىپلىق بىلەن ئىشلىدى. ناتىقلىقى، پىكىرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە ئۆزگىچە تەپەككۇرلىرى بىلەن باشقىلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىپ، تېزلا كۆزگە كۆرۈنۈپ، تەشكىلاتنىڭ باياناتچىسى بولدى. بۇ تەرىقىدە تەشكىلاتنىڭ رەھبەرلىرىدىن بولۇپ قالدى.

تۈرمىدىكى چېغىدا تۈرمە كۇتۇپخانىسىدىكى كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئوقۇپ تۈگىتىۋەتكەن مالكولمنىڭ تەپەككۇر ۋە چۈشەنچىلىرى ناھايىتى ئىلگىرىلەپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسلام مىللىتى تەشكىلاتىدا، جۈملىدىن ئامېرىكادا تېز كۆزگە كۆرۈنۈشىگە ئۇنىڭ تۈرمىدە ئوقۇغان كىتابلىرى ۋە كىچىكلىكىدىن يېتىلدۈرگەن جەسۇر، جانلىق خاراكتېرى سەۋەب بولغان ئىدى. مالكولم سۆز قىلسا ئاغزىدىن ھېچكىم ئاڭلاپ باقمىغان يېڭى ئۇچۇر ۋە چۈشەنچىلەر تۆكۈلەتتى. نەدىن سوئال سورالسا، شۇ ھەقتە

ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلەيتتى ۋە تىڭشىغۇچىلارنىڭ قايىللىقىنى قوزغايتتى. ئۇ تۈرمىدىن چىقىشتىن ئاۋۋال ئەزا سانى ئاز، ئەمەلىي كۈچى ئاجىز «ئىسلام مىللىتى» تەشكىلاتى، ئۇنىڭ تۈرمىدىن چىقىپ جىددىي كۈچىشى نەتىجىسىدە ئەزا سانى تېز كۆپىيىپ، تەسىرى كۈنسېرى ئېشىشقا باشلىدى. ئېلىجا مۇھەممەد مالكولمدەك ئۇقۇمۇشلۇق، ناتىق ۋە زېرەك شەخس بولمىغانلىقتىن، مالكولمنىڭ شۆھرىتى تېزلا ئېلىجادىن ئېشىپ كەتتى. ئېلىجا بۇنىڭغا چىدىمايتتى-يۇ، مالكولمنىڭ تەشكىلاتنى يۈكسەلدۈرەلىشىنى ئۆزىنىڭ يۈكسىلىشى سانىغانلىقتىن، مالكولمنىڭ تەشكىلات ئىچىدىكى تەسىر دائىرىسىنى — ئۇنى ئۇ يوق يەردە تەشكىلات ئەزالىرىغا داتلاپ بەرگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا — چەكلىمىگەن ئىدى.

مالكولم ئېكس 1955-يىلى بېتي ساندېرس (Betty Sanders) بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغان. نەتىجىدە ئۇنىڭدىن ئالتە قىز پەرزەنتى بولغان.

«ئىسلام مىللىتى» تەشكىلاتىدىكى ئىككىنچى نومۇرلۇق شەخس ھېسابلانغان مالكولم ئېكسنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزا سانى 1950-يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئەللىك مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن.

مالكولم ئېكس 1959-يىلى ئەرەپ بىرلەشمە خەلىپىلىكى، سۇدا، نىگېرىيە، گانا، مىسىر، ئېفىئوپىيە، تانزانىيە، سېنېگال، ئالجىرىيە، ماراكەش قاتارلىق دۆلەتلەرنى زىيارەت قىلدى ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئەقىدە، دۇنيا قاراش جەھەتلەردە يېڭى چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولدى. 1960-يىللىرىنىڭ باشلىرىدا ئىسلامنى توغرا رەۋىشتە تونۇشقا باشلىدى. كېيىن تەشكىلات رەھبىرى ئېلىجا مۇھەممەدنىڭ تەشكىلاتتىكى بىر تۈركۈم ئاياللار بىلەن بولغان جىنسىي سەتچىلىكى ئاشكارا بولغاندىن كېيىن، تەشكىلاتتىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتتى.

ئۆز زامانىسىنىڭ دۇنيا بوكس پادىشاھى مۇھەممەد ئەلى [ئەسلى ئىسمى Cassius Clay-] مالكولمنىڭ جانلىق نۇتۇقلىرى تەسىرىدە ئىسلام مىللىتى تەشكىلاتىغا ئەزا بولغان بولۇپ، مالكولم تەشكىلاتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، بوكسچى مۇھەممەد ئەلى ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەن. مۇھەممەد ئەلى 1975-يىلى بۇ تەشكىلاتنى تەرك ئېتىپ، ئىسلام دىنىنى توغرا شەكىلدە چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۆز ھاياتىدا ئۆتكۈزگەن ئەڭ چوڭ خاتالىقلىرىدىن بىرىنىڭ مالكولمغا دۈمبىسىنى قىلىۋېلىش بولغانلىقىنى ئېيتقان.

مالكولم ئېكس 1964-يىلى ھەج ئۆچۈن مەككىگە باردى ۋە ئىسلام بىلەن تېخىمۇ يېقىندىن تونۇشتى. ئېلىجا مۇھەممەد تەرىپىدىن ئۆزىگە سىڭدۈرۈلگەن ئاق تەنلىكلەر شەيتاندۇر دېگەن ئىدىيەدىن ھەج جەريانىدا قاتتىق گۇمانلاندى. چۈنكى، ھەجگە كەلگەنلەر ئارىسىدا ئاق تەنلىك مۇسۇلمانلار كۆپ بولۇپ، مۇئامىلىسىدىكى يۇمشاقلىق ۋە گۈزەل ئەخلاقى ئۇنى ئاق تەنلىكلەرنى دۈشمەن تۇتىدىغان

ئىرقچى، ئاق تەنلىكلەر شەيتان دەپ قارايدىغان چەكتىن ئاشقان دۇنيا قارىشىنى تەرك ئېتىشكە ئېلىپ باردى. ئۇ ئىرقچى دەۋرىدە سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىدىن بىرىدە مۇنداق دېگەن: «ئامېرىكا ئاساسى قانۇننى ئاق تەنلىكلەر ئاق تەنلىكلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن يېزىپ چىققان. ئامېرىكا ئاساسى قانۇنى قارا تەنلىكلەرنىڭ مەنپەئەتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز.»

مالكولم ئېكس تاھارەت ئېلىش، ناماز ئوقۇش قاتارلىقلارنى ھەججە بارغان مەزگىللەردە ئۆگەندى. ھەجدىن كېيىن ئۆزىگە ئىسلامچە ئىسىم قويۇپ، ئەلھاج مالىك ئەل ـ شاھباز دېگەن ئىسمنى قوللانغان.

ئاشقۇن ئىرقچىلىق ئىدىيىسىدىكى مالكولم ئېكس ھەجدىكى تۇيغۇسىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «كۆك كۆز كىشىلەر بىلەن قارا تەنلىك ئافرىقىلىقلاردىن ھاسىل بولغان رەڭگارەڭ مۇھىت، ئىنسانلارنىڭ بىر ـ بىرىگە باراۋەر شەكىلدە مۇئامىلە قىلىشى، بىر داستىخاندا تاماق يېيىشى قاتارلىقلارنى كۆردۈم ۋە ئىسلامنىڭ ئىرقچىلىق ئۈستىدىن غالىپ كېلەلەيدىغانلىقىنى بىلدىم.»

ئۇنىڭ مۇنۇ سۆزىمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلار ئارىسىدا كۆپ تىلغا ئېلىنىدۇ: «شەرەپ ئاللاھقا خاستۇر. ماڭا تەۋە بىردىنبىر نەرسە گۇناھلىرىمدۇر.»

ئاق تەنلىكلەرگە قارشى ئىرقچىلىق ۋە دۈشمەنلىك بىلەن ئۇن نەچچە يىلنى ئۆتكۈزگەن مالكولم، يېڭى دۇنيا قاراش، يېڭىچە چۈشەنچىلەر نەتىجىسىدە مۇسۇلمانلار مەسجىدى (Muslim Mosque) تەشكىلاتىنى ۋە ئافرىقىلىق ئامېرىكالىقلار بىرلىكىنى قۇردى. ئاق تەنلىكلەرگە قارشى ئىرقچىلىق ئىدىيىسىدىن ۋاز كەچكەن بولسىمۇ، ئەمما قارا تەنلىكلەرنىڭ ئىنسانىي ھەقلىرىنى قوغداش، تەلەپ قىلىش، بۇنىڭغا قوشۇپ ئىسلامنى قوغداش يولىدا تېخىمۇ پىداكارلىق بىلەن خىزمەت قىلدى.

مالكولم ئىسلام مىللىتى تەشكىلاتىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئۆلۈم تەھدىتلىرىنى تاپشۇرۇۋېلىشقا باشلىدى. ماشىنىسىغا بومبا قويۇلدى، ئۆيى كۆيدۈرۈۋېتىلدى. مالكولم بۇ خىل سۇيىقەستلەردىن ئامان قالغان بولسىمۇ، بىراق قاتىللار بوش كەلمىدى. ئۆلۈم پەرىشتىسى ئۇنى ئىزدەپ تاپتى. 1965 ـ يىلى 21 ـ فېۋرال كۈنى، نيۇيوركتىكى بىر يىغىندا نۇتۇق سۆزلەۋاتقاندا ئالتە قوراللىق كىشىنىڭ قوراللىق ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. قاتىللار ئۇنىڭ بەدىنىگە ئون بەش پاي ئوق ئاتقان ئىدى. شۇ ھامان دوختۇرخانىغا ئېلىپ مېڭىلغان مالكولم يولدا جان ئۈزدى. قاتىللاردىن ئۈچى ئىسلام مىللىتى تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ چىقتى ۋە مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. كېيىن، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1985 ـ يىلى، 1987 ـ يىلى ۋە 2010 ـ يىلى شەرتلىك رەۋىشتە تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلدى. ئۈچ قاتىلدىن بىرى تۈرمىدىكى چېغىدا توغرا ئىسلام بىلەن تونۇشۇپ، ئىسلام مىللىتى تەشكىلاتىنى تەرك ئېتىپ، يېڭىدىن مۇسۇلمان بولدى.

مالكولمنىڭ جىنازا نامىزىغا ئون تۆت مىڭ، يەنە بىر ئېيتىلىشتا ئوتتۇز مىڭ كىشى قاتناشتى.

مالكولمنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنلا يېزىپ پۈتتۈرۈلگەن تەرجىمىھال كىتابى ۋاقىت ژۇرنىلى تەرىپىدىن يىگىرمىنچى ئەسىردىكى ئەڭ تەسىرچان ئون كىتابتىن بىرى بولۇپ باھالاندى.

ئۇيغۇرلاردا «ئاتالمىغان ئەردىن ئاتالغان دۆڭ ياخشى» دەيدىغان بىر ماقال بار. بۇ ھەرگىزمۇ نام ـ شۆھرەتلىك بولۇش، نام ـ شۆھرەتكە ئىنتىلىش تەرغىپ قىلىنغان ماقال ئەمەس. ھالبۇكى، بۇ ماقالدا دۇنيادا ياخشى نام قالدۇرۇپ قويۇشنىڭ ئەھمىيىتى كۆرسىتىلگەن. مالكولم ئېكس ياشلا ۋاپات بولغان بولسىمۇ، بىراق، ئۇنىڭ نامى تاكى بۈگۈنگە قەدەر ھەر قايسى دۆلەت، شەھەر ۋە رايونلاردا دائىم تىلغا ئېلىنىپ تۇرىدۇ. مالكولم ئېكس توغرىسىدا فىلىملەر ئىشلەندى، كىتابلار ۋە ماقالىلەر يېزىلدى. نيۇيوركتىكى بىر يولغا، تېكساس ۋە مىچىگاندىكى بىر كوچىغا، ھەر قايسى شەھەرلەردىكى ئونلىغان مەكتەپلەرگە، شىمالىي كارولىنادىكى بىر ئۇنىۋېرسىتېتقا مالكولم ئېكسنىڭ ئىسمى بېرىلدى. ئامېرىكا پوچتا ئىدارىسى 1999 ـ يىلى ئۇنىڭ ئىسمىدا پوچتا ماركىسى بېسىپ تارقاتتى. دۇنياغا مەشھۇر ئامېرىكا كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇنىڭ ۋە ئايالىنىڭ ئىسمى بىلەن بىر مائارىپ مەركىزى قۇرۇلدى. كۈنىمىزدە ئامېرىكا خەلقى — بولۇپمۇ قارا تەنلىكلەر — ئۇنىڭ شۆھرىتى سەۋەبلىك ئىسلام بىلەن تونۇشماقتا.

قىرىق يېشىدا ھاياتىدىن ئايرىلغان، بۇ قەھرىمانىنىڭ ھاياتى تۈرلۈك ئادالەتسىزلىك ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغان قەۋمى ئۈچۈن مەنپەئەتلىك دەپ قارىغان ئىشلارغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلانغان، ئۆزى توغرا كۆرگەن دۇنيا قاراشقا جېنى بەدىلىگە ساداقەت كۆرسەتكەن ئۆزگىچىلىكلەر بىلەن مەنىگە ئىگە بولغان.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى



# ئۆلگىلىك بىر جەمەتنىڭ ئەسىرلىك قان- ياشلىق كۆرەشلىرى ۋە قىسمەتلىرى

هاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

# ئۆلگىلىك بىر جەمەتنىڭ ئەسىرلىك قان ـ ياشلىق كۆرەشلىرى ۋە قىسمەتلىرى

هاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

«بۈندىن كېيىن ئىنسانلار پەقەت ئاڭلىق تاللاش ئارقىلىقلا، پىلانلىق سىياسەت ئارقىلىقلا ساقلىنىپ قالالايدۇ.» ـ ۋاسلاۋ خاۋېل

كىرىش سۆز:

ۋەتەنپەرۋەرلىك ـ ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە دىنىي ئېتىقادقا ئوخشاش، ئادەملەرنى ئالىيجانابلىققا باشلايدىغان،ھەقىقىي گۈزەل نەرسىلەرنى بارغانسېرى چۈشىنىش ۋە چىن قەلبىدىن سۆيۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ،ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلاندۇرىدىغان ھەمدە تۈرلۈك يوللار بىلەن گۈزەل نەرسىلەرنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە نامايان قىلىشقا يېتەكلەيدىغان غايىۋى كۈچ. ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىك چىرايلىق سۆزدە ئەمەس، بەلكى ۋەتەننىڭ، مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەش يولىدىكى تەۋرەنمەس پوزىتسىيەلەر ۋە كەسكىن ھەرىكەتلەردە، يەنى ئەزىز ۋەتەننىڭ، مىللەتنىڭ ھازىرقى ھالىتى بىلەن پاسسىپ ھالدا قانائەتلىنىپ، رېئاللىققا تەن بېرىپ، ئۇنىڭدىن قۇرۇق پەخىرلىنىدىغان ئەمەس، بەلكى ھازىرقى بىچارە ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ۋە بۇ ئۆزگەرتىشنى پۈتكۈل كۈچى بىلەن قوللاپ ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتىكى ھەرىكەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

تارىخقا نەزەر سالىدىغان بولساق، ھەرقايسى مەملىكەت، ھەرقايسى مىللەتلەردە نۇرغۇنلىغان ۋەتەنپەرۋەر زاتلارئۆتتى. بىزنىڭ تارىخىمىزدىمۇ پۈتۈن دۇنياغا ئازادە يەتكىدەك ۋە ئۈلگە بولالىغۇدەك ۋەتەنپەرۋەرلەر توشاق ئىدى. ئەمما ھازىرقى دەۋرىمىز بىردىنلا بۇنداق دۇنياۋى سەۋىيىدىكى ئېنسىكلوپېدىك ئالىم ـ ئۆلىمالار ۋە ھەقىقىي مىللەتسۆيەر دۇنياۋى دوكتۇر ـ پېروففسورلاردىن ئومۇمەن خالىي ھالدا تۇرماقتا. شۇنداقتىمۇ بىز بۇنىڭلىق بىلەن بىراقلا بوشىشىپ قالماي، بىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغان ئاشۇ قىممەتلىك ۋە سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىزنىڭ قەھرىمانلىقلىرىدىن ئۈلگە ئېلىپ، تارىخىي خاتالىقلىرىدىن ئىبرەت ئېلىپ، يەنە بىر نۆۋەت كېچىكمەي پۈكۈلگەن قەددىمىزنى دەل ۋاقتىدا قايتا رۇسلىشىۋېلىشىمىز، مەجبۇرىي يوسۇندا دەپسەندە قىلىنغان ئابرۇي ـ ئىناۋىتىمىزنى قايتا تىكلىۋېلىشىمىز لازىم.

ئۇيغۇرلار يېقىنقى 84 يىلدىن بېرى، بولۇپمۇ ئاخىرقى يەتتە يىلدىن بۇيان «ئۆز ۋەتىنىدە تۇتقۇن، چەتئەللەردە قاچقۇن»غا ئايلىنىپ قالغاندىن كېيىن، «جەمەت»، «ئائىلە»، «كېلىپ چىقىش»، «نەسەبنامە» قاتارلىق ئەنئەنىۋى مىراسلارغا بولغان تونۇشى ۋە بۇ جەھەتتىكى ئەنئەنىۋى قىممەت قاراشلىرى كۈنسىرى سۇسلىشىپ،باشقا مەدەنىيەت ئامىللىرىغا ھەۋەس قىلىپ، ئۆزىنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىدىن نومۇس قىلىش، ئۆزىنى ئۆزگەرتكەمسىتىش، ئەڭ مۇھىمى ئۆمۈدى ۋە غەلىبە روھىنى يوقىتىشى نەتىجىسىدە، ئۇيغۇرچىنى

راۋان سۆزلىيەلمەيدىغان، قىبلىنىڭ قايسى تەرەپتە، ئانا ۋەتىنىنىڭ قايسى يۆنىلىشتە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان يېڭى ۋەشالغۇت ئەۋلادلار بىردىنلا كۆپەيمەكتە. بىر قىسىم قالپىقى چوڭ دوكتور-پروففسورلارمۇ ئەقلى گەجگىسىگە ئۆتۈپ قالغاندەكلا ۋەتەندىكى خەلقىمىز بىلەن بولغان پەرقنى تېخىمۇ چوڭ ۋە ماھىيەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئاتالمىش «تىل-يېزىق ئۆزگەرتىش مۇقامى» توۋلاپ بېقىۋاتىدۇ.

ھازىرچە ئۇيغۇر مىللىي كىملىكى ۋە مىللىي مەۋجۇتلۇقى چەتئەللەردە ئاران ئەللىك يىل، يەنى ئاران ئىككى ئەۋلادلا داۋام قىلىۋاتىدۇ. بىرىنچى ئەۋلاد پۈتۈن ھاياتىنى بېغىشلاش بىلەن ياخشى باشلىنىپ، ئىككىنچى ئەۋلادنى لاياقەتلىك ئۇيغۇر قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش بىلەن ۋايىغا يېتىپ، ئۈچىنچى ئەۋلادلار ئاساسەن ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئەللەرنىڭ مۇھىتى ۋە قىممەت قاراشلىرى ئىچىگە سىڭىشىپ كېتىشتە چىڭ تۇرۇش بىلەن ئاخىرلىشىدىغان ئاچچىق رېئاللىق ھەممە ئائىلىگە خىرىس قىلماقتا.

ھەممىگە مەلۇمكى، «ئائىلە» بارلىق ئۇيغۇرلار ئۈچۈن تۇنجى ۋەتەن، ئاياللار بولسا ئەرلەر ۋە باللار ئۈچۈن ۋەتەن. ئائىلە زورىيىپ جەمەت بولىدۇ. جەمەت زورىيىپ قەبىلە-ئۇلۇس بولىدۇ. ئاندىن بۇلار بىرلىشىپ دۆلەت قۇرۇپ چىقىدۇ. دۆلەتكە شۇ مىللەت ئىچىدىكى ئەڭ جاسارەتلىك ۋە پاراسەتلىك كىشىلەر باش بولسا، ئاۋام ئارام تاپىدۇ. ئۆز خەلقىنى ھەر جەھەتتىن تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ئىلىم-مەرىپەتنىڭ يۈكسەك پەللىسىگە يەتكەنلەر ۋەئىدارە قىلىش تالانتى بولغانلار كۆپلەپ كېرەك بولىدۇ. ۋەتەننى بارچە تەھلىكىلىك يوشۇرۇن خەتەرلەردىن قوغداشتا ۋەتەننى جانلىرىدىن قىممەتلىك دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان ئوت يۈرەك ۋەتەنپەرۋەرلەر ۋە مىللەتسۆيەر ئوغلانلار مىليونلاپ لازىم بولىدۇ.

ئۇيغۇرلاردىكى ئۆزىگە خاس بولغان «ئائىلە ۋە جەمەت»، «مەرىپەت ۋە سەلتەنەت» قارىشى ئەجداتلىرىمىزنى ئۇدا ئوتتۇز ئەسىر مەركىزىي ۋە شىمالىي ئاسىيانىڭ تەڭداشسىز خوجايىنلىرىغا ئايلاندۇردى. ئەمما كېيىنكى توققۇز ئەسىردە، ئۈزلۈكسىز كۆچمەن ۋە بەدەۋى قەۋملەرنىڭ ئۇدا پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچراپ يۈرۈپ، تەرەققىيقىلىشىش، مىللىي مەدەنىيەتتە قايتا گۈللىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەسلىدە بار بولغان بارچە مىللىي مىراسلارنى قوغداپ قالالماي، ياكى لايىقىدا پايدىلىنىپ بولالماي، يېقىنقى بىر ئەسىردە بىردىنلا پۈتۈن دۇنيادىكى ئەڭ خار ۋە ئەڭ بىچارە مىللەتكە ئايلىنىپ قالدى.

مىللەتنىڭ ئەڭ قاتتىق خورلۇق تارتقان ۋە چوڭ خىيانەتلەرگە ئۇچرىغان دەۋرلىرى ئاساسەن «يولباشچى-داھىيلار ياتتىن، ئەگەشكۈچى ئاۋام-خەلق بىزدىن؛ قان تۆككۈچىلەر بىزدىن، ھۇزۇرنى سۈرىدىغانلار ياتتىن؛ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغۇچىلار بىزدىن، سۆھبەتتە ۋەتەننى سېتىپ خەجلىگەنلەر ياتتىن؛ غەلىبە قىلغۇچىلار بىزدىن، غەلىبىنىڭ مېۋىسىگە ئىگە بولغانلار ياتتىن» بولغان چاغلارغا مەركەزلەشكەن. دېمەك، ئائىلە ۋە جەمەتنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي تەقدىرى ۋە مىللىي ئىستىقبالىدىكى رولىنى قەتئىي سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ.

نەچچە مىڭ يىللىق مىللىي مەۋجۇتلۇقىمىزنى ساقلاشتا ئاساس بولغان ھەر خىل ئەنئەنىۋى مىللىي مىراسلىرىمىز، مىللىي خاسلىقىمىز ئەنە ئاشۇ ئائىلە ـ جەمەتلەرگە پۇختا باغلانغان. مىللىي كېلەچىكىمىز ئۈچۈن زۆرۈر بولغان، شۇنداقلا ئۇيغۇر مىللىي بىخەتەرلىكى ئۈچۈن قەتئىي زۆرۈر بولغان «ئائىلە ۋە جەمەت» ئۇقۇملىرىغا سەل قارالغاچقا، ئائىلە كېلىپ چىقىشى نامەلۇم، جەمەتىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ئېنىق بولمىغان سالاھىيىتى سىرلىق ئادەملەر ھەر يەردە مىللەتنىڭ جانىجان مەنپەئەتلىرى ۋە كېلەچىكىگە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنى ئوڭچە ئىگىلەپ، تېخى ئورنىدىن تۇرمىغان مىللەتكە يەنە يېڭى ئورەكلەرنى قازماقتا. بۇنداق پەس قىلىقلار ۋە رول ئېلىۋاتقانلارھەققىدە كۆپ توختالمىساقمۇ، خەلقىمىز ھەر كۈنى دېگىدەك شاھىت بولماقتا. بۇ يامان ئەھۋال بىزگە بارلىق قالدۇق يوچۇقلارنى ھىملەپ تىندۇرۇپ، توغرا بولغان قىممەت قاراشلىرىمىزنى قايتىدىن ھاياتىمىزنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىغا تېزدىن سىڭدۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ئۈنۈپرسال ھالەتتە ئەتبىقلاشنىڭ ئەخرىسىزلىكىنى بىلدۈرمەكتە.

ئالەم ئاپىرىدە بولغاندىن باشلاپ تاكى مىلادى 1619 ـ يىلغىچە ئەزىز خەلقىمىز ئىچىدىن سانسىزلىغان چوڭ ئاقساقاللار، يولباشچىلار، قەھرىمانلار ۋە قابىل يېتەكچىلەر ئوتتۇرىغا چىققانىدى. سادىدا بولسىمۇ ئىخلاسمەن خەلقىمىز ئۇلارنى ھىمايە قىلىپ قوللاپلا قالماي، ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەنلەردىن قوغداش يولىدا ئىسسىق جانلىرىنى ۋە بارلىقىنى ئىككىلەنمەي پىدا قىلالىغاچقا، ئاقساقاللارمۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن شۇ سۆيۈملۈك خەلقىنىڭ مەۋجۇتلۇقى، گۈللىنىشى ۋە ئىستىقبالى ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز بارلىقىنى بېغىشلاپ يۈرۈپ، خەلقىمىزنىڭ بۈگۈنگىچە داۋام قىلىشىغا سەۋەپچى بوپتىكەن. ئەمما كېيىنكى يۈز يىللىق جاھالەت بىزنى ئۇنداق روھتىن تامامەن يىراقلاشتۇرغاچقا، ئۆز ئىچىمىزدىن چىققان مۆتىۋەرلەر ئەسىرلىرىدە پۈتۈنلەي خەلقىمىزنىڭ رېئاللىقىدىن قاتتىق قايغۇرۇپ، كېلەچىكىدىن ئەندىشە قىلىپ، كۆزى ئارقىدا قالغان ئىكەن. «يانىدا بارنىڭ قەدرى يوق» دەپ، ئۆزىمىزدىن چىققان دانا، چېچەن ۋە قابىل يېتەكچىلەر چەتكە قېقىلىپ،ئاققۇن، نادان ۋە شۇم نىيەت جاھالەت پىرلىرى ھەممىسى ھېچپىيەردە پۇت تىرەپ تۇرالماي، ۋەتىنىمىزنى ئۆزىنىڭ جەننىتى قىلىۋېلىش ئۈچۈن سەلدەك ئېقىپ كەلگەندىن كېيىن، «پېشۋا خەقتىن، مۇرىت بىزدىن؛ پەتىۋا ياتتىن، ئىجرا قىلىش بىزدىن؛ قان تۆكۈش بىزدىن، ھۇزۇرىنى سۈرۈش يەنىلا شۇ ياتلاردىن ئاشمىدى». نەتىجىدە ئازكەم 300 يىل ھەم ئىشغالچى دۈشمەنلەر ئارقا ـ ئارقىدىن نۆۋەت بىلەن بىزنى قىرىپ ۋە قۇل قىلىپ كەلدى. بۇ ئارىدا تاشقى دۈشمەنگە قارشى، ئەقلىنى ۋە تەپەككۇرنى بوغۇپ قويغان ئىچكى دۈشمەنلەر بولغان جاھالەت پىرلىرىگە قارشى ھەزرىتى مۇسادەك قۇتقۇزغۇچى داھىيلارنى ئاللاھ بىزگە چىقىرىپ بەردى. ئەمما ئۇلارغا دۈشمەنگە ۋە جاھالەت پىرلىرىگە ئىتائەت قىلغانچىلىك ئىتائەت قىلمىدۇق. جاھالەت پىرلىرىگە جان پىدا قىلغاندەك ھەقىقىي داھىيلارغا ئاساسەن سەممىمىي بولمىدۇق. ئۇلارنى ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ خەتىرىدىن قوغداش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇلارنى ئاشكارا قەستلەپ ئۆلتۈرگەن پەس قاتىللار بىلەن شېرىك بولدۇق. نەتىجىدە دۇنيادىكى ئەڭ پەس ۋە ئەڭ نىجىس باندىتلار تارىختا بارلىق تۈركىي خەلقلەرگە ئۇستاز ۋە خاقان بولغان كۈچلۈك مەدەنىيەتكە ئىگە خەلقىمىزنىڭ شىللىسىغا مىنىۋالدى. شۇندىن بېرى يەنە تالاي قەھرىمانلار ۋە قابىل سەركىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە چىقماقتا. ئەمما تېخىچە جاھالەت ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمەيۋاتقان خەلقىمىز ئۇلارنى يەنە قارىلاپ، سېستىپ، ئابرۇيىنى

تۆكۈپ، پىتنە قىلىپ يۈرۈپ جىمىقتۇرغاچقا، پۈتۈن زېھنى بىلەن دۈشمەنگە قارشى پىلان تۈزۈپ، بىر ئىشنى ئاخىرىغا ئېلىپ چىقالايدىغان ئاقساقاللىرىمىز ئازىيىپ كەتتى. ئىزنى باسىدىغانلارمۇ ئۈلارنىڭ تەقدىرىدىن تېنى شۈركىنىپ، ئاستاغىنا ھازىرقى ئومۇمىي توپلۇمدىن ئۆزىنى تارتتى. ھازىرمۇ دۈشمەندىن كېلىدىغان توقماق ـ دەشنامدىن، ئۆزىمىزدىن كېلىدىغان بۆھتان ـ بەتنام ۋە دىل ئازارى ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتمەكتە. ئاقىۋەت مىللىتىمىزگە ھېچقانداق ئۆلگىلىك ئائىلە ياكى جەمەت تېپىلماي، ھەر كىم ئۆزى بىلگەنچە كۆڭلىنى خۇش قىلىپ ئۆزىنى ئالداپ يۈرمەكتە. ۋەتىنىمىزدە بولسا ھەممىمىزنىڭ قەدىردانلىرى ھەر كۈنى بىھۇدە خورلىنىپ، نومۇسلىرى دەپسەندە قىلىنىپ، ئۈزلۈكسىز قىرىلماقتا.

چەتئەللەردىكى ھەر خىل بېسىملارغا بەرداشلىق بېرەلمەي، يات ئەللەردە سىڭىشىپ كېتىش قارارى ياكى ئانا ۋەتىنىگە قايتىش ئىرادىسى ئارىسىدا تېڭىرقاۋاتقان ۋە جاسارىتى يوقاتقان ئۇيغۇرلارغا ۋەتىنىمىزدىكى ئەڭ قىيىن ۋە قورقۇنچلۇق دەۋرلەردە مەشئەل بولۇپ يانالىغان، مەرىپەت مەشئەلىنى ئۇدا بىر ئەسىر ئۆچۈرۈپ قويماي، كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈپ بېرەلىگەن ئۆلگىلىك بىر قۇتلۇق جەمەتتىكى تۆت ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ قىسقىچە تارىخىنى ۋە ئىش ـ ئىزلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، ئائىلە ۋە جەمەت ھەققىدىكى تونۇشنى قايتىدىن چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بارچە چۈشكۈنلۈك ۋە ئۈمىدسىزلىكنى چۆرۈپ تاشلاپ، ھەر بىر ۋەتەنسۆيەر ۋە مىللەتپەرۋەر ئائىلە ـ جەمەتتىن خەلقىمىزنىڭ ۋە ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن ھەر جەھەتتىن لاياقەتلىك ۋە تولۇق سالاھىيەتلىك يېڭى ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، «مىللەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىنىي ۋە ھەربىي ئامانەتلىرى»نى ئىشەنچ قىلىپ تۇتقۇزغۇدەك سەۋىيەگە يەتكۈزۈشنى قەتئىي تەلەپ قىلىمىز ۋە ئۈمىد قىلىمىز.

1. ئابدۇللا مۇپتى ھاجىم ۋە ئوغلى ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم:

1842 ـ يىلدىكى تۇنجى قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشى كېلىشىمى ۋە 1860 ـ يىلدىكى يەنە بىر قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشى كېلىشىمىدىن كېيىن، شەرقىنىڭ كېسەل كۆرپىسى دەپ تونۇلغان چىرىك ۋە ئىقتىدارسىز مەنچىڭ ئېمپېرىيىسى خەزىنىدىكى بارلىق ئالتۇن ـ كۈمۈشنى ئەنگلىيە ۋە فرانسىيەگە ئۇرۇش چىقىمى سۈپىتىدە تۆلەپ، چاررۇسىيەگە تۆلىگۈدەك پۇلى يوق، تاشقى مانجۇرىيە بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىدىن ھازىرقى ئۆزبېكىستان چوڭلۇقىدىكى زېمىننى بۆلۈپ بەرگۈچە بولغان 20 نەچچە يىلدا، مۇستەملىكە جايلاردىكى ھەربىي ئىشغالچى كۈچلىرىنىڭ مائاشىنى بېرەلمىدى. بۇنىڭدىن پايدىلانغان ئىشغالچىلار ۋە يەرلىك غالچىلار خەلقىمىزنىڭ بارلىق مال ـ دۇنيالىرىنى 80 نەچچە تۈرلۈك ھەر خىل باج ـ سېلىق ئارقىلىق خانىۋەيران قىلىۋەتكەننى ئاز دەپ، يەنە بارلىق خەلقنى بىكارلىق ئەمگەككە سېلىپ، قەسىر ـ سارايلار ۋە سېپىللارنى سالدۇرۇپ ھالىنى قويمىدى. ئاقىۋەت پىچاق سۆڭەككە يەتكەن خەلقىمىز ئومۇميۈزلۈك قوزغىلىپ، مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋەتىنىمىزدىكى 100 يىللىق مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنى تۈپتىن يوقاتتى. ھالبۇكى، بۇ قۇتلۇق زەپەردىن تېخى 22 يىل بۇرۇنلا ۋەتىنىمىزگە پالانغان مەنچىڭ باشبۇغى لىن زېشۈ ئۇيغۇرلارنى ئەمدى مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەيدۇ، دەپ كېسىپ ئېيتقانىدى.

1841 ـ يىلى ئىلىغا پالانغان گۇاڭدۇڭ ـ گۇاڭشىنىڭ سابىق ۋالىيسى لىن زېشۇ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇپ ـ شىمالىدانەچچە يىللىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، 1845 ـ يىلى ئوغلى لىن رۇجۇغا يازغان خېتىدە شۇ يەردىكى ئەھۋاللارنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

«بۇ يەرگە تېرىقچىلىق دېھقانلىرىنى يۆتكەشنىڭ مەقستى ئەمەلىيەتتە چېگرانى قوغداش ھېيلىسىدۇر. ئەمما ئۇلار بىلمەيدۇكى، بۇ ئۇيغۇر يۇرتىدا (回疆) چېگرا قوغداش دېگەنلىك ئەمەلىيەتتە شۇ چېگرانىڭ نېرىسىدىكى قوقان، قىرغىز ۋە ئەنجانلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش دېگەنلىكتۇر. ئەمما سەككىز شەھەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر تۇرسا، نىمىدىن مۇداپىئە كۆرىدۇ؟ بۇ ئۇيغۇرلار (回子) ئۇچىغا چىققان دۆت، ئىنتايىن قورقۇنچاق، شۇنداقلا ئىنتايىن بىچارە خەلقتۇر. خىتاينىڭ ئەمەلدارلىرىدىن تا ئاددىي ئەسكەرلىرىگىچە ئۇلارنى ئىت ـ ئېشەكنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. ئۇيغۇرلارنى يۇۋاش قوي ئورنىدا كۆرگەچكە، خىتايلار سودىدا ۋە قەرز ـ جازانىلەردە ئۇلارنى يەتكۈچە ئالداپ شۇلىدۇ. لىللا گەپنى دېسەم، بۇ ئۇيغۇرلار ھەر كۈنى قوزغىلاڭ قىلسىمۇ ھەقلىقتۇر. ئۇلارنىڭ قوزغالماسلىقىنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىزدىن ئىلگىرىكى جۇڭغارلار ئۇلارنى بىزدىن بەكرەك ئېزىپتىكەن. بىزنىڭ خاندانلىقىمىزنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، تېخى كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. شۇڭا خىتاي ئەمەلدارنى كۆرگەن ھامان يولدىكىلەر ئاتتىن چۈشۈپ، يەردە يېتىپ تازىم قىلىپ ھۆرمىتىنى ۋە ھاكىملاردىن قورققىنىنى ئىپادىلەيدىكەن. ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلەر بىر ئاچچىقلىدىمۇ، بولدى، بۇلارنىڭ قورقۇپ جېنى چىققىلا كېتىدىكەن. مۇشت ـ تېپىك ئالدىدا قول ياندۇرۇش ئەمەس، ھەتتا قېچىشنىمۇ بىلمەي جىم تۇرىدىكەن. بۇلار تۇغما دۆت بىر خەلق ئىكەن. بۇنى ئوبدان بىلگەن ئەجداتلىرىمىز ئەينى چاغدا ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن يول ئېچىپ، توسالغۇسىز بۇ يەرلەرنى ئېلىپ،چوڭ تۆھپە يارىتىپتىكەن».

ھەممىگە مەلۇمكى لىن زېشۇ 1839 ـ يىلى يازدا خۇمېن ساھىلىدا ئەپيۇن كۆيدۈرۈپ نام قازىنىپ، شۇ يىلنويابىردا ئەنگلىيىنىڭ ئەپيۇن ئۇرۇشى قوزغاپ، 1840 ـ يىلى خوڭكوڭنى بېسىۋېلىشىغا سەۋەبچى دەپ قارىلىپ، دۆلەت ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىنغان پېچكا ئىدى خالاس.

ئەزىز ۋەتىنىمىز 1862 ـ 1864 ـ يىللاردىكى ئومۇمىيۈزلۈك قوزغىلاڭ نەتىجىسىدە ئۆزلۈك ـ كېسىل مۇستەقىل بولۇپ، جەنۇبتا تارىم ۋادىسىدىكى ئەزىزانە قەشقەرنى مەركەز قىلغان بەدۆلەت ھاكىمىيىتى، شىمالدا ئىلى ـ بالقاش ۋادىسىدىكى غۇلجىنى پايتەخت قىلغان ئىلى تارانچى سۇلتانلىقى قۇرۇلدى. بىراق مەزكۇر ئىككى دۆلەت دەلشۇ يىللىرى بىپايان تۇرانغا ھەدەپ بېسىپ كىرىشنى باشلىغان چاررۇسىيە بىلەن ھىندىستاندىن شىمالغا قاراپكۇنسىرى كېڭىيىۋاتقان بۈيۈك بېرىتانىيە ئوتتۇرىسىدىكى يۈز يىللىق بۈيۈك ئويۇننىڭ يېگانە قۇربانلىقىلىۋېتىلدى. ئىلى سۇلتانلىقى ئافغانىستان ئۈچۈن، قەشقەرىيە دۆلىتى بولسا ھىندىستان ئۈچۈن يوقىلىشقا مەھكۇم بولدى.

ھىندىستاننى 1858 ـ يىلى تولۇق يۇتۇۋالغان ئەنگلىيە 1876 ـ يىلى ھىندىستاننى رەسمىي ھالدا ئۆزىنىڭ بىر قىسمى دەپ جاكارلىغاندىن كېيىن، مەركىزىي ئاسىيانى بېسىۋېلىش ئۈچۈن 1867 ـ يىلى تۈركىستان ھەربىي ۋالىيلىقىنى قۇرغان چاررۇسىيە 1877 ـ يىلى13 يىلدىن بۇيان بېسىۋالغان قوقان خانلىقى، خىۋە، بۇخارا خانلىقى ۋە ئىلى سۇلتانلىقىنى ئۆزىنىڭ زېمىنى دەپ ئېلان قىلدى. يۇقىرىقى ئىككى ئەلنىڭ ياردىمىدە 1876 ـ يىلى ۋەتىنىمىزگە تاجاۋۇز قىلغان مەنچىڭخانلىقىمۇ 1878 ـ يىلى ھازىرقى ۋەتىنىمىزنى ئۆزىنىڭ يېڭىدىن قايتا يۇتۇۋالغان «يېڭى زېمىنى» دەپ جاكارلاپ، 1881 ـ يىلى 24 ـ فېۋرال پېتىربۇرگدا «ئىلى كېلىشىمى» ى ئىمزالاپ، بالقاش كۆلىگىچە بولغان ئۆزبېكىستان چوڭلۇقىدىكى زېمىنىمىزنى چاررۇسىيەگە بۆلۈپ بېرىش بەدىلىگە قالدۇق ئىلى تەۋەسىنى ئورۇسلاردىن ئېلىپ، 1884 ـ يىلى 17 ـ نويابىر ئاتالمىش يېڭى مۇستەملىكە ئاپپاراتى بولغان «شىنجياڭ ئۆلكىسى» نى قۇردى. بۇجەرياندا زوزۇڭتاڭ ۋە ئۇنىڭ كاللا كېسەر جاللاتلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ جەنۇبىدا ئېغىر قەتلىئام ۋە قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر خەلقىنى ئاز دېگەندە چارەك ئەسىر ئەسلىگە كېلەلمەس، 50 يىلدىمۇ قەددىنى رۇسلىيالماس ۋە قايتا باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋەتكەن.

موللا مۇسا سايرامىنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، 1878 ـ يىلى يانۋاردا خوتەندىكى ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشتا بەدۆلەتنىڭ ئەڭ چوڭ پېشقەدەم سەركەردىلىرىدىن 90 نەپەردىن ئوشۇق قوماندان شېھىت بولغان. ئۇلار بىلەن بىر سەپتە ئۇرۇش قىلغان تۈمەنلىگەن جەسۇر ئۇيغۇرلارنىڭ قانلىرى خوتەنگە تۆكۈلۈپ «شەھىدانە خوتەن» دېگەن نامنى يەنە بىر قېتىم يېڭىلىغان. بۇ قېتىم قەشقەر ۋە خوتەندە 7450 ئادەم تۇتقۇن قىلىنغان بولۇپ، 1166 كىشىنى بەدۆلەتكە ئەسكەربولغان دېگەن باھانە بىلەن قىرىپ تاشلاپ، بارلىق قوقانلىقلارنى بىردەك ۋەتىنىمىزدىن قوغلاپ چىقارغان.

بۇ قېتىمقى قىرغىنغا شاھىت بولغان گۇما دىيارىنىڭ مۇپتىسى ئابدۇللا مۇپتى ھاجىم ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئەڭ ئازابلىق قىسمەتلەر بىلەن تولغان 1920 ـ 1850 ـ يىللاردىكى ھەر خىل كارتىنىلىرىغا شاھىت بولغان كىشى بولۇپ، ئۇدا نەچچە ئەۋلاد مۇپتىلار جەمەتىدىن ئىكەنلىكى مەلۇم. ئۇندىن باشقا ئابدۇللا مۇپتى ھاجىمنىڭ ھۆسەيىنخان تەجەللىي بىلەن يېقىن ئالاقىسى بارلىقى ۋە مۇھىم سۆھبەتداشلىرىدىن بىرى بولغانلىقىنى نەزەرگە ئالغاندا، ھەر ئىككەيلەننى ئوخشاش دەۋرنىڭ ئادەملىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەدۆلەتنىڭ خوتەنگە كېلىشىدىن زوزۇڭتاڭنىڭ خوتەندە قەتلىئام پەيدا قىلىشىغىچە بولغان مۇرەككەپ ۋەزىيەتلىك يىللاردا كۆپىنچە ئەرلەر كېچىكىپرەك ئائىلىلىك بولغان. قولىمىزدا ئابدۇللا مۇپتى ھاجىمنىڭ ھاياتى ھەققىدە ھېچقانداق بىرىنچى قول ماتېرىيال بولمىغاچقا، بىز پەقەت ئەينى چاغدا خوتەن ۋە گۇمىدا يۈز بەرگەن چوڭ ئىشلارغا قاراپ تۇرۇپ، شەخسلەرنىڭ ھاياتىنى ئازراق تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. بەزىدە ئاتىنىڭ ھاياتىنى بالىنىڭ ھاياتىغا قاراپ پەرەز قىلىۋېلىش تەس ئەمەس. ئابدۇللا مۇپتى ھاجىمنىڭ ھاياتى ۋە ئىش ـ ئىزلىرىنى بىلمەكچى بولغانلار ئۈچۈن ئوغلى ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىمنىڭ ھاياتى ۋە ئىش ـ ئىزلىرى يېتەرلىك. 1896 ـ يىلى داڭلىق ئۆلىما ئابدۇجېلىل داموللام گۇما مۇپتىسى ئابدۇللا مۇپتى ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

1896 ـ يىلى مۇپتى ھاجىمنىڭ بىردىنبىر ئوغلى ئابدۇجېلىل داموللام ھازىرقى گۇمىدا تۇغۇلغان. مەزكۇر ئۆلىما ئەزىز ۋەتىنىمىزدە ئالدىنقى ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر مىللىي مەۋجۇتلۇقى ۋە مىللىي كىملىكىنى ساقلاپ قېلىشتا غايەت زور رول ئوينىغان ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىمنىڭ دادىسى بولۇپ، دادىسى ئابدۇللامۇپتى ھاجىممۇ گۇما دىيارىنىڭ دىنىي پېشۋاسى ئىدى. مۇپتى ھاجىم بۇ ئوغلىنى 1909 ـ يىلى ئۆيىگە مېھمان بولۇپ كەلگەن قۇتبىدىنشاھ ھۇسەيىنخان تەجەللى ھەزرەتكە شاگىرتلىققا بەرگەن. تەجەللىي ھەزرەت 1912 ـ يىلى ئۆزى قەشقەردە يېڭى مەكتەپ ئاچقان داڭلىق دىنىي ئىسلاھاتچى ئابدۇقادىر داموللامغا ئەۋەتىپ بەرگەن. ئۇ ئۇستازىنى ھەيران قالدۇرۇپ، 1915 ـ يىلى ئالىي ئۇنۋان بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، گۇمىغا قايتىپ كەلگەن. بۇچاغدا 1913 يىلى تۆمۈر خەلپىنى ئۆلتۈرۈپ، تۇرپان ـ قۇمۇلدا تەسىرىنى قايتىدىن زورايتقان مىلتارىست خىتاي ياڭ زېڭشىنىنىڭ مۇستەبىت سياسەتلىرى ۋە چەكلىمىلىرى خوتەنگە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، 1915 ـ يىلىلا تۈرك زىيالى ئەھمەد كامال قولغا ئېلىنىپ، ئاتۇش ئېكساقتىكى جەدىتچە مەكتەپمۇ زورلاپ تاقىۋېتىلگەن ئىدى. (ئالىمنىڭ ئابدۇقادىر داموللامغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن ۋە ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەن ۋاختىدىكى قاراشلاردا بەش يىل پەرق بولۇپ، بۇ بەلكىم ھىجرىيە ۋە مىلادىيە يىلنامىسىدىكى پەرقلەردىن كېلىپ چىققان بولۇشى، ياكى بەزى ھادىسىلەر قايتا تەكرارلانغان بولۇشىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن.)

ئابدۇجېلىل داموللام 1916 ـ يىلدىن 1928 ـ يىلغىچە دادىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، مەزكۇر جەمەتتىكى ئەڭ ياش دىنىي ئالىم بولۇپ قالىدۇ. 1928 ـ يىلى يازدا ياڭ زېڭشىن ئۆلتۈرۈلگەندە، ئىنقىلاب ئۇچقۇنى ھەر جەھەتتىن تەييارلىق قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن مۇھەممەد بۇغرا (1965 ـ 1901) يۇرت كېزىشكە چىققاندا گۇمىدا ئازراق توختاپ، گۇمىدىكى دىنىي ئۆلىمالار بىلەن خۇپىيانە سۆھبەتلىشىپ كۆرۈپ، «قاراقاش مۇپتى ئاخۇن» نامىلىق بىر ئالىمنى بۇ يەردە ئۆزى قايتىپ كەلگىچە قالدۇرۇپ قويۇپ، چۆچەكتىكى مۇرات ئەپەندىنىڭ يېنىغا كەتكەن.

1933 ـ يىلى 26 ـ مارت ئابدۇجېلىل داموللام گۇما خەلقىنى قوزغاپ، شۇ كۈنىلا گۇمىنى قولغا ئېلىپ، قاغىلىق بىلەن خوتەننىڭ ئازادلىقىنى ئۆزۈۋەتكەن. مىللىي ئازاتلىق كۈرىشى مەغلۇپ بولغاندا چەتئەلگە چىقىپ كەتكەن. 1936 ـ يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، كۈرەش قىلغان. 1937 ـ يىلى ئۆكتەبىردە جاللات شېڭ شىسەي تەرىپىدىن باشقا سەپداشلىرى بىلەن بىللە گۇما بىلەن قاغىلىق ئارىسىدىكى چولاقنىڭ سېيىدا تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن.

2. تىز پۈكمەس مەنىۋىي داھىي ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىم:

20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىنىڭ بارلىق شانلىق ۋە قانلىق سەھىپىلىرىگە شاھىت بولغان مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى، يېتۈك ئەللامە ۋە مۇتەپەككۇر مەرھۇم ئابلىكىم مەخسۇم ھاجىم 1925 ـ يىلى كەچ كۈزدە ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي

جەنۇبىدىكى. گۇما. نا.ھيىسىدە مەشھۇر ئەللامە، پېشقەدەم ئىنقىلابچى ۋە سىياسىيون ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىمنىڭ ئۆيىدە دۇنياغا كەلگەن.

بۇ مەزگىل يېڭىدىن ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولغان دادىسى ئابدۇجېلىل داموللامنىڭ تالىپلارغا ئىلىم ئۆگىتىش، ئاۋام ـ خەلق ئارىسىغا ئىلىم ـ مەرىپەت تارقىتىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان، جاھالەت ۋە نادانلىق، مۇتەئەسسىپلىك ۋە خۇراپاتلىق، زوراۋانلىق ۋە ئۆكتەملىككە ئوخشاش مەنىۋى ئىللەتلەرگە قارشى ھەم نەزىرىيىۋى ھەم ئەمەلىي كۈرەشلەردە بولغان مەزگىللىرى ئىدى. 1933 ـ يىلى مارتتا دادىسى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، گومىنى ئازات قىلغان. بىراق 1934 ـ يىلى يازدا ۋەزىيەت ئۆزگىرىپ، ستالىننىڭ پىلانى بويىچە خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى تېررىتورىيىسى 1934 ـ يىلى ئىيۇلدا باندىت ماخۇسەننىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. مەزكۇر ھۆكۈمەتنى قۇرغان مۆتىۋەرلەر يۇرتنى تاشلاپ، چەتئەلگە چىقىپ كەتكەن. شۇ قاتاردا 1934 ـ يىلى يازدا ئابدۇجېلىل داموللا توققۇز ياشلىق گۆدەك ئوغلى ئابلىكىم مەخسۇمنى ئېلىپ ھەج قىلىش ئۈچۈن سەپەرگە چىققان. ھىندىستان ۋە ئەرەبىستان قاتارلىق جايلاردا زىيارەتتە بولغان. ئۇ يەرلەردە كۆپلىگەن ئەدىبلەر ۋە ئىلىم ئەھلىلىرى بىلەن تونۇشقان. ئۇلار بىلەن مۇشائىرىلەر يېزىشقان، ئىلمىي سۆھبەتلەردە بولغان.

بىر شاھتىنىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، داموللا ھاجىم ئوغلىنى بوينىغا مىندۈرۈپ، كەبىنىڭ بوسۇغىسىغىچە كۆتۈرۈپ: «ئوغلۇم ئالىلاھتىن ئىلىم تىلىگىن!» دەپ خىتاپ قىلغان. ئوغلى: «ئەي ھەممىنى بىلگۈچى ئۇلۇغ ئالىلاھىم، ماڭا دادامغا بەرگەن ئىلىمچىلىك ئىلىم بەرگىن!» ، دەپ دۇئا قىلغانىكەن. بۇنى ئاڭلىغان دادىسى ئوغلىنى يەرگە تاشلىۋەتكەن، ھەمدە ئۇنىڭغا: «ئوغلۇم، بۇ دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ئۇلۇغ ماكان. مەندە قانچىلىك ئىلىم بولماقچىتى؟! ئىمام ئەزەمنىڭ ئىلمىنى تىلىگىن!» دەپ تەلىم بەرگەنىكەن. تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا بۇ 1935 ـ يىلى مارت، يەنى 1353 ـ يىللىق ھەج مەۋسۇمى ئىدى.

ئاتا ـ بالا ئىككەيلەن شۇ تەرىقىدە ساق ئىككى يىل چەتئەلدە ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ. مەرھۇم مەخسۇم ھاجىم بۇۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، ئەرەب تىلى ۋە دىنىي ئىلىملەردە كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك سەۋىيىگە كېلىپ قالىدۇ. 1936 ـ يىلى فېۋرالدا ۋەتىنىمىزنىڭ قەشقەر، خوتەن ۋە ئاقسۇ قاتارلىق جايلىرىدىن كەلگەن ھاجىلار مەرھۇم بىلەن دىدارلىشىپ، ۋەتىنىمىزدە، بولۇپمۇ قەشقەردە مەھمۇت مۇھىتىنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىشىدا تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان مىللىي ئويغىنىش ۋە ئاقارتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى، داموللا ھاجىمنىڭمۇ ئۆزلىرى بىلەن بىللە قايتىپ كېتىشىنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ. ئەل ـ ۋەتەن ئۈچۈن بارلىقىدىن كېچىدىغان پېشقەدەم ئىنقىلابچى قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئوغلىنى ئېلىپ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىدۇ. بىراق ئۇلار ۋەتىنىمىزگە قايتىپ كەلگەندە 1937 ـ يىلى كىرەي دېگەندى. قەشقەردە 1936 ـ يىلى 12 ـ ماي شاپتۇل داموللىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن باشلانغان جەددىيچىلىك مەھمۇد مۇھىتى بىلەن جاللات شېڭ شىسەي ئوتتۇرىسىدىكى يوشۇرۇن زىددىيەتنى ئەۋجىگە چىقارغانىدى. نەتىجىدە ئۇلار ۋەتەندە ئەمدى بىر ئىش قىلاي دەپ تۇرغاندا، بىردىنلا قورقۇنچلۇق ۋەزىيەت قايتىلىنىدۇ. ئالدى بىلەن 1937 ـ يىلى 2 ـ ئاپرېل

مەھمۇد مۇھىتى «ئىۋىز ۋىلاش» باھانىسى بىلەن قەشقەردىن قېچىپ چىقىپ، يەكەنگە كېلىدۇ. ئاندىن ھوقۇقىنى ئابدۇنىياز كامالغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى بىر قىسىم ئادەملىرى بىلەن بىللە ھىندىستانغا چىقىپ كېتىدۇ. ئارقىدىنلا قەشقەردە قۇتلۇق ھاجى شەۋقىي، مەمتىلى ئەپەندى باشلىق مىللەت سەركىلىرى تۇتقۇن قىلىنىدۇ. باشقا جايلاردىكى مۆتىۋەرلەر ،1937-يىلى سېنتەبىردە سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ئابدۇنىياز ئۇيغۇر قوشۇنىنى يوقاتقاندىن كېيىن، بىراقلا تۇتقۇن قىلىنىپ، ئەل ئارىسىدا زور ئابرۇيى بار زاتلار شۇ يىلى دېكابىر ئېيىغىچە ھەر خىل سۇيىقەستلەر بىلەن ئۆلتۈرۈلىدۇ.

ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىمۇ شۇ يىلى جاللات شېڭ شىسەي پۈتۈن ۋەتىنىمىز مىقياسىدا يۈرگۈزگەن باستۇرۇش، تېررورلۇقىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن. ئابدۇجېلىل دامولla ھاجىم شەخسىي غەرەزلەردىن خالىي، ئومۇمنىڭ غېمىنى يەيدىغان، ئاجىز-مىسكىنلەرگە ياردەم بېرىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ بىلىدىغان، ساپ نىيەتلىك تەرەققىيپەرۋەر دىنىي ئۆلىما ھەمدە يېتىلگەن شائىر ئىدى. ئۇ ئۆز ئانا تىلى ۋە ئەرەب-پارس تىللىرىدا، ئوخشىمىغان شېئىرىي شەكىللەردە بىر قاتار سالامنامە، تەشەككۈرنامىلەرنى؛ مۇشائىرە، بېغىشلىما، شۇنداقلا ئىرىك شېئىرلارنى يازغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يوقىلىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان، ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ئون پارچە شېئىرىي مەكتۇپىنى ئوغلى ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىم ئۆزى نەشرگەتەييارلاپ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1989-يىللىق 1-سانىدا ئېلان قىلغان. ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىم يەنە شائىرنىڭ ئەرەب تىلىدا يازغان بىر قىسىم قەسىدە ۋە سالامنامىلىرىنىمۇ ئايرىم نەشرگە تەييارلىغان.

دامولla ھاجىم تۇتقۇن قىلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي، 1937-يىلى 17-ئۆكتەبىردە قادىر ھاجى ۋە ئۇنىڭ قىلىچى خائىن مەۋلانوف كۈچلىرى دامولla ھاجىمنى ھازىرقى گۇما بىلەن قاغىلىق ئوتتۇرىسىدىكى چولاقنىڭ سېيىدا باشقا سەپداشلىرى بىلەن تىرىك پېتى كۆمۈپ تاشلايدۇ. مەخسۇم ھاجىم ۋە خوتەن-قەشقەر خەلقى بۇ جايدىن سەپەر قىلغاندا، ئالاھىدە ئۇلاقتىن چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ روھىغا دۇئا قىلىپ ئاندىن يولنى داۋام قىلىشنى ئادەت قىلىپ كەلگەندى. مەخسۇم ھاجىممۇ ھەر قېتىم بۇ سايلىقتىن ئۆتكەندە ھەمىشە ئۇزۇن دۇئا قىلىپ، ئاندىن يۈرۈپ كېتەتتى. قادىر ھاجى بىلەن رازاق مەۋلانوفنىڭ شۇ يىلى 30-ماي كۈنى قەشقەر ياۋاغ تۈرمىسىدىكى مەمتېلى ئەپەندى باشلىق 300 نەچچە مۆتىۋەرلىرىمىزنى قىرغۇەتكەنلىكى ھېچكىمگە سىر بولمىسا كېرەك.

مەخسۇم ھاجىم مۆجىزىلەرچە ھايات قالغاندىن كېيىن، 20 ياشقا كىرگەن يىلى، يەنى 1945-يىلى 1-سېنتەبىر پۈتۈن گومىنداڭ ياپونلاردىن غالىپ كەلدۇق دەپ ھاراق ئىچىپ تەبرىكلەپ، غەرق مەست بولۇپ ياتقان كېچىسى قوزغالغان تاشقورغان ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، تېزلا تالانتى كۆزگە كۆرۈنۈپ، يېتەكچىلەردىن بولۇپ قالىدۇ. بىراق ستالىن جاڭ كەيشىدىن بارلىق ئالاھىدە مەنپەئەتلىرىگە تولۇق ئېرىشىپ بولغاندىن كېيىن، 1946-يىلى ئىيۇندا بىرلا ۋاقىتتا ماناس دەرياسى بويىدىكى قوشۇنىمىزنى غۇلجىغا قايتۇرۇۋېتىدۇ. جەنۇپتا، قەشقەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئازات قىلىپ بولغان تاشقورغان ئىنقىلابچىلىرىنى قورال تاشلاپ، يۇرتلىرىغا قايتىپ كېتىش بۇيرۇقى چۈشۈرىدۇ.

نەتىجىدە 1937 ـ يىلىدىكى پاجىئە قايتىلىنىپ، مەخسۇم ھاجىم گومىنداڭ تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، ساق ئىككى يىل تۈرمىدە قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنىدۇ. 1948 يىلى ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئۆسكەن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئۇنى قاماقتىن بوشىتىپ، قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بىلەن ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىمنىڭ سەپداشلار ئىكەنلىكى ھېچكىمگە سىر بولمىسا كېرەك. بەزى تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، ئۇ مەخسۇم ھاجىمنى شىمالدىكى مىللىي مۇستەقىللىق ئىنقىلابىنىڭ جەنۇبقا يامراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن شۇنداق قىلغان دېيىلگەن. چۈنكى 1947 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئۈچ ئەپەندى بىلەن ئىلى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا كەسكىن ئىدىيە كۈرىشى باشلىنىپ، ھەر ئىككى تەرەپ گومىنداڭ ئىشغالىيىتىدىكى يەتتە ۋىلايەتتە تەسىرىنى كۈچەيتىشكە پائال تىرىشقانىدى.

1949 ـ يىلى ۋەتىنىمىزدە ۋەزىيەت بىراقلا ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كېتىپ، خەلقىمىز نېمە بولغىنىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە، رەھبەرلەر سىرلىق ھالدا يوق قىلىنىپ، قىزىل خىتاي ئەسكەرلىرى ۋەتىنىمىزنى تېنچ ھالدا ئىشغال قىلىۋالىدۇ. خەلق ئىشنىڭ ماھىيىتىنى بىلگەندە ئاللىبۇرۇن كېچىككەن ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، 1950 ـ يىلىدىن 1954 ـ يىلغىچە تۇنجى قاتتىق قارشىلىق ۋەتىنىمىزنى قاپلايدۇ. ۋاڭ جېن بۇنى باھانە قىلىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۆتتىن بىرىنى قىرىپ تۆكىدۇ. مەخسۇم ھاجىم 1954 ـ يىلى تۇنجى قېتىم قىزىل خىتايلار قولىدا مەھبۇس بولىدۇ. 1955 ـ يىلىدىن 1958 ـ يىلغىچە ئۆيىدە قاتتىق نازارەت ئاستىدا ياشايدۇ. 1957 ـ يىلى موسكۋادىن قايتىپ كەلگەن ماۋ دەرھال ۋەتىنىمىزدە يېڭى چوڭ تازىلاش ھەرىكىتى قوزغاپ، خەلقىمىزنىڭ رەھبەرلىرىنى ھاكىمىيەتتىن سىقىپ چىقىرىپ، 1958 ـ يىلى مەھكىمە شەرئى تۈزۈمىنى تولۇق ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، كوممۇنىزىم قانۇنىنى قاتتىق تەتبىقلاشقا باشلايدۇ. بۇ ھال قەشقەر ۋە خوتەندە چوڭ داۋالغۇش ۋە قاتتىق نارازىلىق پەيدا قىلىدۇ.

1959 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئەسلىدە 1957 ـ 1958 ـ يىللىرى قوزغالغان ئاتالمىش يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ئاق تېررورلۇققا قارشى قەشقەر ۋە خوتەندە كۈندە دېگۈدەك قاتتىق قارشىلىق يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ياۋۇز دۈشمەن مەرھۇمنى بۇنىڭ ئاساسلىق كۈشكۈرتكۈچىلىرى قاتارىدا ساناپ، مەرھۇمغا مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى خىتاي قانۇنىدا ئەڭ ئۇزۇن جازا مۇددىتى يىگىرمە يىل ئىدى.

1979 ـ يىلى 12 ـ مارتتا مەخسۇم ھاجىم 20 يىللىق جاپالىق تۈرمە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ھۆرلۈككە چىقىدۇ. تۈرمىدىن چىقىپلا 1979 ـ يىلىدىن 1989 ـ يىلغا قەدەر بولغان ئالتۇن ئون يىلدا ۋەتىنىمىزدە 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى ئەللىك يىلىدىكى قايتا گۈللىنىش مەنزىرىسىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. 1987 ـ يىلى كۈزدە تەلەپكە بىنائەن ۋەتىنىمىزدىكى بىردىنبىر قانۇنلۇق دىنىي بىلىم يۇرتى ئۈرۈمچى ئىسلام ئىنستىتۇتىغا كېلىپ، ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. 1990 ـ يىلى ئاپرىلدا بارىن ۋەقەسى سەۋەپلىك قاغىلىققا قايتىپ كېتىپ،

تاكى 1993 ـ يىلى ۋاپات بولغىچە ئېغىر نازارەت ئاستىدا ئوقۇتۇشنى داۋام قىلدۇ. گەرچە دۈشمەن مەخسۇم ھاجىمنى قايتىدىن قارىلاشقا شۇنچە ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، ئەمما ئاللىبۇرۇن يولىۇق ۋاستىلەر بىلەن يولىۇق ئىش كۆرۈپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ گەندىسى ۋە ماندېلاسىغا ئايلىنىپ قالغان بۇ مەنىۋىي داھىينى قارىلاشقا زادىلا يېتەرلىك سەۋەب تاپالمىغان. ھەتتا مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا بىرمۇ دۈشمەن ئەمەلدارى يۈز تۇرانە ئەيىپلەشكە ۋە قارىلاشقا جۈرئەتمۇ قىلالمىغان. پەقەت 1995 ـ يىلغا كەلگەندىلا، ئاندىن رەسمىي ھالدا ئۆرۈمچى كەچلىك گېزىتىدە مەرھۇم مەخسۇم ھاجىمنى ئاتالمىش ئۈچ خىل كۈچلەرنىڭ مەنىۋىي داھىيسى دەپ قالپاق كىيدۈرگەن بولسا ،2001 ـ يىلدىن كېيىن ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا «شىنجاڭدىكى تېررورچىلارنىڭ باش ئاتامانى» دەپ قارىلاشقا باشلىغان. بىراق، بۇلار ھەممىسى چەك باسمايدىغان تۆھمەتلەر ئىدى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدىكى ئەللىك يىللىق مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقى دەۋرى (1949 ـ 1999) نى خۇلاسىلەش يىغىنىدا دۈشمەنلەر مەرھۇمنى ئاتالمىش «شىنجاڭنىڭ كوممۇنىستلىشىش قەدىمى ۋە خىتايلىشىش مۇساپىسىنى ئەللىك يىل كەينىگە سۈرۈۋەتكەن كىشى» دەپ جاكارلىدى. مانا بۇ يېقىنقى يۈز يىللىق ئۇيغۇر تارىخىدا ئىشغالچى كۈچلەرنىڭ تۇنجى قېتىم بىر كىشىنىڭ تەسىرىنى مۇشۇنداق يۇقىرى باھالىشى ۋە ئەستايىدىل مۇئەييەنلەشتۈرۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1993 ـ يىلى 19 ـ ئىيۇن شەنبە كەچ، يەنى 1413 ـ يىلى قۇربان ھېيت (زۇلھەججە) ئېيىنىڭ 29 ـ كۈنى ناماز شامغا تۇرغىنىدا ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلغان.

شۇنىڭ بىلەن ياش ۋاقتىدا قەشقەرنىڭ خانلىق مەدرىسىدە، ھىندىستان ۋە يىراقتىكى سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئىلىم تەھسىل قىلغان، ھاياتى بويىچە بەش قېتىم، قىزىل خىتاي قولىدىلا 3 قېتىم تۈرمىگە سولانغان، 22 يىل ئۇدا تۈرمىدە ياتقان، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن 1980 ـ يىلى قاغىلىق شەھرىدە مەكتەپ ئېچىپ 1990 ـ يىلغىچە ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى يېتىشتۈرگەن گېگانت ئەزىمەت ۋە مەرپەت مەشئىلى مەرھۇم ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىم پانىي ئالەمدىكى ۋەزىپىسىنى مۇكەممەل ئادا قىلىپ، باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى. مەرھۇمنىڭ يېتىشتۈرگەن ئوقۇغۇچىلىرى ھازىر ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا ۋەتەن خەلق ئۈچۈن بەلگىلىك خىزمەتلەرنى قىلىپ كەلمەكتە ئىدى.

بەختكە قارشى، 2014 ـ يىلى 28 ـ ماي باشلىنىپ كەتكەن «قاتتىق زەربە بېرىش دولقۇنى» ۋە 28 ـ ئىيۇل يەكەن ئېلىشقۇ قىرغىنچىلىقى ئەسناسىدا مەزكۇر ئوقۇغۇچىلار تۇنجى تۈركۈمدىكى نىشانغا ئايلىنىپ قالغان.

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ 2014 ـ يىلى ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، 1980 ـ يىللاردا قاغىلىقتىكى مەشھۇر دىنىي ئۆلىما ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىمنىڭ قولىدا تەربىيەلەنگەن ئەڭ ئاخىرقى تالىپلىرىدىن بىرى ـ ئابلىكىمخان شۇ يىلى يازدا ئۆرۈمچىدە تۇتقۇن قىلىنغان. ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمايدىغان، ئەمما ئەھۋالدىن خەۋەردار بىرەيلەننىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئابلىكىمخان تۇتقۇن قىلىنغاندىن كېيىن، ئائىلىسىدىكىلەر

خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇ توغرىلىق ھېچقانداق ئۇچۇر ئالالمىغان. مەلۇم بولۇشىچە، 40 ياشلاردىكى ئابلىكىمخان قاغىلىقنىڭ زوڭلاڭ دېگەن جايىدىن بولۇپ، 1980 ـ يىللاردا مەشھۇر دىنىي ئۆلىما ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىمنىڭ قېشىدا تەلىم ئالغان. 1990 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ كۆپ قېتىم تۇتقۇن قىلىنىپ، كۆپ قېتىم قويۇپ بېرىلگەن. كېيىنچە خىتاي ئۆلكىلىرىگە كېتىپ كاۋاپچىلىق قىلىپ كۈن كەچۈرگەن. ئابلىكىمخان ھېچقانداق ئىشقا ئارىلاشماي ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن يۈرگەن بولسىمۇ،لېكىن بۇ يىل (2014) ماينىڭ ئاخىرلىرىدا باشلانغان تازىلاشتا ئۈرۈمچىدە يەنە تۇتقۇن قىلىنغان. ئەھۋالدىن خەۋەردار كىشىلەرنىڭ بىلدۈرۈشىچە، شۇ يىلى مايىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ۋەتىنىدە قوزغىغان «چوڭ تازىلاش ھەرىكىتى» داۋامىدا مىڭلىغان ئۇيغۇر ياشلىرى تۇتقۇن قىلىنغان ياكى ئىز ـ دېرەكسىز يوقالغان. ئۇلارنىڭ ئاشكارا قىلىنىشىچە، شۇ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى بىر قېتىمدىلا تۇتقۇن قىلىنغانلار سانىنىڭ يەتتە مىڭغا يېتىدىغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. 28 ـ ئىيۇلدىكى يەكەن قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن خىتايلارنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا قاراتقان يۇقىرى بېسىم سىياستى ھەسسىلەپ كۈچەيگەن. ئەھۋالدىن خەۋەردار كىشىلەرنىڭ شۇ چاغدىكى بايانلىرىغا ئاساسلانغاندا، يەكەن، قاغىلىق ۋە باشقا ناھىيەلەردە مەخسۇم ھاجىم بىلەن ئالاقىسى بار ۋە گۇمانلىق دەپ قارالغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تۇتقۇن قىلىنغان.

مەخسۇم ھاجىمنىڭ يارامىلىق ئىز باسارلىرىدىن كېرەم ئابدۇۋەلى قارى (1955 ـ 2017) 2017 ـ يىلى سىنتەبىركۈنلىرى تۈرمىدە قازا قىلغان بولسا، يەنە بىر ئەللامە شاگىرتى مەتمىنجان داموللام (1964 ـ 2020) 2016 ـ يىلى 3 ـ فېۋرال ئاخىرقى قېتىم تۇتقۇن قىلىنغان بولۇپ، بۇ يىل ئىيۇلدا قازا قىلغانلىق خەۋىرى تارقالغان. بىراق زادى قاچان، قانداق سەۋەپ بىلەن قازا قىلغانلىقى، جازا لاگېرىدا ياكى تۈرمىدە قازا قىلغانلىقى ئېنىقلانمىغان. دوستلىرىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە، داموللام ۋەتىنىمىز ئىچىدىكى پۈتۈن ئۆلىمالارنى دىنىي ساھەدە ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى پەتىۋا ۋە يېڭى ـ يېڭى مەسىلىلەردىن ۋاقتى ـ ۋاقتىدا خەۋەردار قىلىپ، تۈرلۈك پىتنە ـ ئىغۋا، جېدەل ـ ماجرالاردىن ئۇزاق تۇرۇپ، ساغلام ۋە مۆتىدىل يول تۇتۇپ، پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدا بىردەك تەكىتلىنىۋاتقان ئوتتۇراھال ئىسلامىي مۇھىت يارىتىشقا كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان ئىكەن. دېمەك بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا كومپارتىيەنىڭ غەرىزى ئوچۇق چىقىپ تۇرۇپتۇ. ئۇيغۇرلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن يولباشچىلىرىنى، ئاندىن دىنىي ۋە مىللىي قىممەت قاراشلىرىنى، ئاخىرىدا پۈتۈن بىر مىللەتنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىش پىلانى سىستېمىلىق ۋە سىجىل ئېلىپ بېرىلماقتا. يوقاتقانلىرىمىزنىڭ سانىنى مەڭگۈ ھېساپلاپ چىققىلى بولماسلىقى مۇمكىن.

3. ئاخىرقى مەرىپەت يۇلتۇزى ئابدۇقەييۇم ھاجىم:

ئابدۇقەييۇم ھاجىم 1957 ـ يىلى نويابىردا گۇما ناھىيىسىدە تەڭداشسىز دىنىي يولباشچى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى داھىيسى، داڭلىق ئۆلىما، پېشقان ئۇستاز ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئىككى ياشقا توشماستا 1959 ـ يىلى دادىسى ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىم خىتاي ھاكىمىيىتى

**تەرپىدىن قايتا تۈتقۇن قىلىنىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى خىتاي قانۇنى بويىچە مۇددەتسىز، يەنى 20 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان.**

**ئۇنداقتا 1949 ـ يىلى كۈزدە ۋەتىنىمىز بىردىنلا دۈشمەن قولىغا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنكى ئون يىلدا ۋەتىنىمىزدە قانداق ئىشلار يۈز بەرگەن ؟! بۇ ئىشلارنىڭ خەلقئارالىق سىرلىق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشلىرى قايسىلار ؟!**

**1948 ـ يىل ئاخىرىدا كومپارتىيە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ستالىننىڭ ۋەتىنىمىزنى مۇستەقىل ساقلاپ قېلىش ياكى ئۆزگە قوشۇۋېلىشىنىڭ ھاجىتى قالمىدى. بۇ ئەھۋالدا ستالىن كەسكىن ۋەزىيەتتە كەسكىن قارار چىقاردى. 1949 ـ يىلى يانۋاردا مىكويان شىبەيپودا زىيارەتتە بولدى. مايدا مولوتوۋ زىيارەتكە كەلدى. ئىيۇلدا ليۇشاۋچى موسكۋادا زىيارەتتە بولدى. 14 ـ ئاۋغۇست دېڭ لىچۈننىڭ غۇلجىغا كىرىشى بىلەن ئويۇن باشلاندى. 17 ـ ئاۋغۇست سۆھبەتلەشتى. 19 ـ ئاۋغۇست «ساختا چاقىرىق» كەلدى. 23 ـ ئاۋغۇست ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق رەھبەرلەر ئالمۇتىغا كەتتى. 24 ـ ئاۋغۇستتىكى سىرلىق سۆھبەتتىن كېيىن، سوۋېت تەرەپ ئۇلارنىڭ 25 ـ ئاۋغۇست ئۆلگەنلىكىنى، خىتايلار 27 ـ ئاۋغۇست ئۆلگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈردى. 11 ـ سىنتەبىر سەيپىدىن ئەزىزى بېيجىڭغا باردى. 26 ـ سىنتەبىر گومىنداڭ تەسلىم بولدى. 1 ـ ئۆكتەبىر قىزىل خىتاي دۆلىتى قۇرۇلدى. 10 ـ ئۆكتەبىر ۋاڭ جېن ئۈچ مىڭ ئاقساق ـ چولاق ئەسكەر بىلەن 30 مىڭ ئەسكىرىمىز بار ۋەتىنىمىزگە بەھۇزۇر كىردى. 17 ـ ئۆكتەبىر غۇلجىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئاي يۇلتۇز بايراق چۈشۈرۈلدى. 12 ـ نويابىر ۋاڭ جېن غۇلجىدا ئىككىنچى جۇمھۇرىيەتنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقىنى جاكارلىدى. 25 ـ ئۆكتەبىر قىزىل ئارمىيە ئۈرۈمچىگە كىرىپ ساق ئىككى ئايدىن كېيىن، ئاندىن مىللىي ئارمىيە 25 ـ دېكابىر ئۈرۈمچىگە كىردى.**

**1908 ـ يىلى 11 ـ ئاپرېل خىتاي چاڭشادا تۇغۇلغان جاللات ۋاڭ جېن زوزۇڭتاڭنىڭ يۇرتىدىشى بولۇپ، ماۋزېدۇڭ ئۇنى مەقسەتلىك ۋەتىنىمىزگە ئەۋەتكەن. 1950 ـ يىلدىن 1954 ـ يىلغىچە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۆتتىن بىرىنى قىرىپ تۈگەتكەن. ئۇ 1980 ـ يىلى بىڭتۈەننى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قاتتىق تەشەببۇس قىلىپ ئۇتۇق قازانغان. 1987 ـ يىلى خۇياۋباڭنىڭ سىياسىتىگە قارشى چىقىپ، ئۈرۈمچىگە كېلىپ خىتايلارنى قايتىپ كېتىشتىن توسقان. 1993 ـ يىلى 12 ـ مارت گۇاڭجۇدا ئۆلگەن جاللات ئۇيغۇر مىللىتىنى تېخىمۇ ھاقارەت قىلىپ، جەسەت كۈلىنى تەڭرىتاغلىرىغا چېچىۋېتىشنى ۋەسىيەت قىلغان. راس دېگەندەك ئۇنىڭ كۆيدۈرۈلگەن سېسىق جەسەت كۈلى ئايروپىلان بىلەن ئاپئاق تەڭرىتاغلىرى چوققىلىرىغا ئاز ـ ئازدىن چېچىلغان.**

**ئابدۇقەييۇم ھاجىم تۇغۇلغان كۈنى سەيپىدىن ئەزىزى ئۆمەك باشلاپ موسكۋاغا ماڭغان. دېمەك ئالىمنىڭ ھاياتى تۇغۇلغان كۈندىن باشلاپلا تەتۈر قىسمەتلەر بىلەن باشلانغان. چۈنكى مۇشۇ قېتىملىق موسكۋا سەپىرىدىن كېيىنلا، ئەزىز ۋەتىنىمىز يەنە بىر قېتىم پانىي ئالەمدىكى دوزاخقا ئايلانغان.**

1958 ـ 1957 ـ يىللاردىكى ئاتالمىش يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۈرۈش باھانىسى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھارپىسىدا، يەنى 1957 ـ يىلى 2 ـ نويابىر سەيپىدىن ئەزىزى ماۋزېدوڭ باشچىلىقىدىكى ئۆمەك بىلەن بىرگە موسكۋاغا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن يولغا چىققان.

1957 ـ يىلى 18 ـ نويابىر خىتاي كومپارتىيىسى رەھبىرى ماۋ زېدوڭ موسكۋادا كومپارتىيە ۋە ئىشچىلار پارتىيىسى ۋەكىللەر يىغىنىدا يارو ئۇرۇشى ھەققىدە سۆز قىلىپ: «يادرو ئۇرۇشى قانچىلىك قورقۇنچلۇق بولماقچىتى؟ پۈتۈن دۇنيا نۇپۇسى 2.7 مىليارد، يېرىمى ئۆلسە يېرىمى قالىدۇ، خىتايدا 300 مىليون جان بار. يېرىمى ئۆلسە يەنە 300 مىليون جان بار ئەمەسمۇ؟!» دېگەن. ئۇ يەنە سوۋېت باش سېكرېتارى نىكىتا خروششېۋ بىلەن مەخپىي سۆھبەتلەشكەندە، تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر رۇسىيە تەرەپ بىزگە ئامېرىكانىڭ ئاساسلىق شەھەرلىرىنى پۈتۈنلەي تۈزلىۋېتىشكە يەتكۈدەك ئاتوم بومبىسى بېرىپ تۇرسا، ئۇنداقتا پرولتارىياتنىڭ كاپىتالىزم ئۈستىدىن ئۈزۈل ـ كېسىل غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن خىتاي دۆلىتى دېڭىز بويلىرىدىكى300 مىليون خەلقىدىن كېچىشكە تەييار تۇرىدۇ». خىروششېۋ بۇنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتكەن. كۈندىلىك خاتىرىسىگە ماۋنى «ئىنسانلار ئىچىدىن چىققان ئالۋاستى» دەپ يازغان. گەرچە ئاتوم بومبىسىغا ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ماۋ بۇ قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سابىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەھبەرلىرىنى ئەمدى قانات ئاستىغا ئالمايدىغانلىقىنى توغرا پەرەز قىلغان. چۈنكى ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇر سەرخىللىرىنىڭ ئارقا تېرىكى جوزېف ستالىن 1953 ـ يىلى 5 ـ مارت ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىز باسارى خىروششېۋ 1954 ـ يىلدىن باشلاپ تازىلاش ئېلىپ بېرىپ، ستالىنىنىڭ بارلىق ئادەملىرىنى سىقىپ چىقىرىپ، ئۇنى تەنقىدلەش ھەرىكىتى قوزغىغان. بۇ ھال خىتاي ئۈچۈن چوڭ بىر باش ئاغرىقىنى ھەل قىلىپ بەرگەن. چۈنكى 1950 ـ يىلى 14 ـ فېۋرالدىكى كېلىشىمدە بەش يىل ئىچىدە ۋەتىنىمىز، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلدا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنى قۇرۇپ چىقىش بەلگىلەنگەن. خىتايلار بۇنىڭ ئورنىغا 1955 ـ يىلى 1 ـ ئۆكتەبىر ھازىرقى نامدا بار ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى قۇرۇپ بەرگەنىدى. بىراق بۇنىڭغىمۇ رازى بولماي، ۋەتىنىمىزنى پۈتۈنلەي مۇستەملىكە قىلماقچى بولغان. لېكىن ئۇنداق قىلىشقا چىشى پاتمايتتى. ئالدى بىلەن موسكۋانىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىشقا توغرا كېلەتتى. بۇ قېتىمقى زىيارەت ماۋغا كۆڭلىدىكىدەك پۇرسەتنى ئاتا قىلغان.

1957 ـ يىلى دېكابىر كىرىشى بىلەنلا ئەمدىلا موسكۋادىن قايتىپ كەلگەن ماۋ دەرھال ۋاڭ ئېنماۋغا بۇيرۇق بېرىپ، ۋەتىنىمىزدىكى بۇرۇن ستالىن ئارقا تېرەك بولغانلىقتىن، چېقىلغىلى بولمىغان بارلىق رەھبىرىي كادىرلارنى، ئاندىن پۈتۈن مۇستەقىلچى كۈچلەرنى ۋاستە تاللىماي قىرىپ ۋە سولاپ پۈتۈنلەي تازىلاشقا بۇيرىغان.

1957 ـ يىلى 16 ـ دېكابىر جالالات ۋاڭ ئېنماۋ ئۈرۈمچىدە ئاتالمىش 51 چىلەر (مۇستەقىل ئۇيغۇرستان جۇمھۇرىيىتى تەرەپدارلىرى) نى تەنقىد قىلىش تەنقىد قىلىش يىغىنى ئېچىشنى باشلىغان. 22 كۈنلۈك ئېغىر

تەھدىت ۋە ھاقارەتتىن كېيىن، 1958 ـ يىلى 17 ـ يانۋار كېچىسى مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى تەرەپدارلىرىنىڭ ئاتامانى دەپ قارالغان مەرھۇم ئابدۇرەھىم ئەيسا ئەپەندى يىغىن ئېچىلىۋاتقان ئۈرۈمچىدىكى تەڭرىتاغ مېھمانخانىسىنىڭ 214 ـ نومۇرلۇق ياتىقىدا سىرلىق ئۆلتۈرۈلگەن. ئىككى ھەپتىدىن كېيىنلا ۋەتىنىمىزدىكى يەنە بىر چوڭ تازىلاش ۋە دۆلەت تېرورلۇقى باشلانغان.

شۇنداق قىلىپ ئابدۇقەييۇم ھاجىمنىڭ بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق ھاياتى تىرىك يېتىملىك، تۇتقۇنلۇق، خورلۇق، مەھبۇسلۇق ۋە خارلىق بىلەن ئۆتكەن. ئابدۇقەييۇم ھاجىمنىڭ دادىسى خىتاي زىندانلىرىدا ھەر تۈرلۈك خورلۇق ۋە زۇلۇم تارتقان بولسا، ئابدۇقەييۇم ھاجىم، ئانىسى ۋە ئىككى ئاچىسى بىلەن جەمىيەتتە خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئىنسانىنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدىغان ھەرتۈرلۈك جىسمانى ۋە روھىي جەھەتلەردىن خورلىشىغا ئۇچراش بىلەن بىرگە پەننىي ۋە دىنىي بىلىملەردە ئوقۇپ، لايىقىدا تەربىيەلىنىشتىن مەھرۇم قالغان. دادىسى ئۇستاز ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىم قاماقتىن بوشاپ جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن، 1979 ـ يىلدىن باشلاپ تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر يېشى بىر ئاز چوڭيىپ قالغان بولسىمۇ ۋاقتىنى قولدىن بەرمەي دادىسىدىن تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ خېلى يېتىشكەن ئۆلىما بولۇپ قالغان. دادىسى ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىم 1993 ـ يىلى 19 ـ ئىيۇن كەچ تۇيۇقسىز ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئىزچىل مەرھۇم دادىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆز تاغىسى ھامۇتخان مەخسۇم ھاجىم بىلەن بىللە قولدىن كېلىشىچە قاغىلىق خەلقىنىڭ دىنىي ـ ئېتىقاد خىزمەتلىرىگە پائال يېتەكچىلىك قىلىپ كەلگەن.

دادىسىدىن ئايرىلىپ 20 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، 2014 ـ يىلى ئىيۇندىن باشلاپ ۋەتىنىمىزدە «قاتتىق زەربە بېرىش» دولقۇنى باشلانغاندىن بۇيان يېرىم نەزەربەند ئاستىغا چۈشۈپ قالغان ئابدۇقەييۇم ھاجىم 2017 ـ يىلى ئائىلە بويىچە خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان، ھەمدە ئۆيلىرى ۋە ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۇستاز ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىم باشچىلىقىدا سېلىنغان مەسچىت چېقىپ تۈزلىۋېتىلگەن. ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئابدۇقەييۇم ھاجىمنىڭ 2020 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى (مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللام سۇيىقەست بىلەن قەتلى قىلىنغانلىقىنىڭ 96 يىللىق ماتەم كۈنىدە) تۈرمىدە شېھىت بولۇپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولغان.

1979 ـ 1949 ـ يىللار ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق ۋە تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز جاپا ـ مۇشەققەتلىك يىللار بولۇپ، بۇ ئوتتۇز يىللىق دوزاخ ئازابى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆڭلىدە مەڭگۈ ساقايماس جاراھەت قالدۇرغان. دۈشمەنلەر قالدۇرغان بۇ ئازابنى ۋە دۈشمەنگە بولغان ھەققانىي نەپرەتنى ئەڭ قىسقا ئىپادىلەپ بەرگەن جۈملە مۇنۇ مىسرالار بولسا كېرەك:

خىتاينى مەن خىتاي دەيمەن، ئۇنى ئىنسانچە كۆرمەسمەن، مەگەر ئاسمانچە بولساڭمۇ، سېنى كۆزۈمگە ئىلماسمەن. ئەگەر جەننەتنىڭ ئاچقۇچى سەن نىجىسنىڭ قولىدا بولسا، ئاللاھغا ئانت ئىچەرمەنكى، ئۇ ھال جەننەتكە كىرمەسمەن. (ئابدۇقادىر داموللام ئوغلى ئابلىز مەخسۇم)

يۇقىرىقى بىر كۇبلېت شېئىردىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، دۈشمەن گەرچە تېنىمىزنى خورلاپ، تىز پۈكتۈرەلىگەن تەقدىردىمۇ، بىراق جەڭگىۋار ۋە پاك-دىيانەتلىك روھىمىزنى مەڭگۈ سۇندۇرالمايدۇ. شۇڭىمىكىن، ئۆزىنىڭ ئەخلاق ۋە ئىنسانلىق جەھەتتىكى ئورنىنى زادىلا ئېتىراپ قىلدۇرالمىغان دۈشمەن خەلقىمىزنى مىللەت سۈپىتىدە تۈپتىن يوقىتىش يولىنى تاللىۋېلىپ، ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپتى. بۇ نۇقتىنى چېچېنىيە دۆلەت ئاتىسى جەۋھەر دودايېۋ شۇنداق بايان قىلىدۇ: «دۈشمەنلەر بىزنىڭ تەنلىرىمىزنى تانكا-ئايروپىلانلار بىلەن دەسسىتىپ ۋە پارتلىتىپ پارچە-پارچە ۋە قىيما-چىيما قىلىۋېتىشى مۇمكىن. ئەمما ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىق روھىمىزنى قەتئىي تىز پۈكتۈرەلمەيدۇ. خۇدادىن باشقىغا ئېگىلمەيدىغان قەيسەر ئىرادىمىزنى ئوخشاشلا سۇندۇرالمايدۇ».

2009-1979-يىللار ھەر ھالدا خەلقىمىزگە تىنىق ئالغۇدەك شارائىت ئاتا قىلغان بولسىمۇ، بىراق 1990-يىلى 5-ئاپرېل، 1997-يىلى 5-فېۋرال، 1997-7-ئىيۇل، 2001-يىلى 11-سېنتەبىر، 2009-يىلى 5-ئىيۇل كۈنلىرى خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە ئىزى ئۆچمەس تارتۇق-يارىلارنى قالدۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى يەتتە يىلدا سېستىمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق پىلانى يۇمشاق ۋاستىلەر بىلەن ئىشقا كىرىشىپ، ھەر يەردە شۇ يەردىكى بارلىق ئاھالىنى پۈتۈنلەي سىغدۇرغۇدەك تۈرمىلەر ياسىلىپ، بارچە تەييارلىقلار پۈتكەندە، ئاز بىر قىسىم ئۆز ئېشىغا ئۆزى توپا سالىدىغان، مىللەتنىڭ خەلقئارالىق ئوبرازى ۋە ئىززەت-ئابرۇيىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدىغان، مېڭىسى پۈتۈنلەي دېگىدەك يۇيۇلۇپ، ئۆردەكتەك سۇ يۇقماس ۋە ئۆزگەرمەس جاھىللارغا ئايلىنىپ قالغان تۆۋەن ساپالىق، خەلققە پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ يېتىدىغان ساناقلىق ئادەملەرنى بىكارلىق تۆكمە پاسپورتلار ئارقىلىق بىپايان تارىم ۋادىسىدىكى ئېتىز قىرلىرىدىن ئوتتۇرا شەرقنىڭ جاڭگاللىرىغا ۋە ئىستانبۇل ساھىللىرىغا قويۇپ بېرىپلا، دەرھال چېگرانى تاقاپ، ئۆچۈرلارنى قاتتىق قامال قىلىپ، 2017-يىلى 1-ئاپرېلدىن باشلاپ كەڭ كۆلەمدە تۈركۈمگە بۆلۈپ تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتى قوزغىغان. تۈنجى تۈركۈمدە ۋەزىپىدىكى دىنىي ئۆلىمالار (ۋەزىپىسىزلەرنى ياۋا ئاخۇن ۋە قانۇنسىز دىنىي زات قالپىقى بىلەن ئاللىبۇرۇن تۇتقۇن قىلىپ بولغان)، ئاندىن بايلار-تىجارەتچىلەر، ئاندىن مائارىپچىلار، ئەڭ ئاخىرىدا 15 ياشتىن 90 ياشقىچە بولغان بارلىق ئەرلەر ئاساسەن جازا لاگېرلىرى ۋە تۈرمە-زىندانلارغا قامىلىپ بولغان.

مەرھۇم ئابدۇقەييۇم ھاجىم ئائىلە كېلىپ چىقىشى تۈپەيلىدىنلا تۇنجى تۈركۈمدىكى ئەڭ قاتتىق زىيانكەشلىككە ئۇچرايدىغان دائىرىدىكى نىشانغا ئايلىنىپ قالغانىدى. يۇقىرىقى تۆت ئەۋلاد تىز پۈكمەس يولباشچىلارنىڭ ۋە نۇرلۇق مەرىپەت مەشئەللىرىنىڭ ھاياتىغا تەپەككۇر بىلەن نەزەر سالسىڭىزلا، ئۇلاردىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ مۇھىم ئورتاقلىق بولغان «ئۇيغۇرنى ئۇيغۇر قۇتقۇزىدۇ» دېگەن ئىدىيەنى چوڭقۇر ھېس قىلالايسىز. مەيلى ئابدۇلل امۇپتى ھاجىم، ياكى ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم بولسۇن، مەيلى ئوغلى ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىم بولسۇن، ياكى ئوغلى ئابدۇقەييۇم ھاجىم بولسۇن، ھەممىسلا چەتئەللەرگە چىقىش پۇرستىگە ئېرىشكەن، ھىجرەت قىلىش شارائىتى تەل تۇرۇقلۇق، يەنىلا ئۆزىنى، بارلىقىنى ۋە ھاياتىنى خەلقى ئۈچۈن بېغىشلىدى. بۇلار ئىچىدىكى ئۈچ ئەۋلادلا ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئۈچ قېتىملىق ئەڭ چوڭ ئىرقىي

قىرغىنچىلىقنىڭ تۈنجى ۋە ئەڭ قورقۇنچلۇق قۇربانلىرىغا ئايلاندى. ئائىلىرى پۈتۈنلەي خانىۋەيران بوپكەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار يەنىلا بۇرچىدىن ۋازكەچمىدى. خەلقىدىن يامانلاپ تاشلىۋەتمىدى. خورلۇقلارغا چىدىيالماي قېچىپ كەتمىدى ياكى تەسلىم بولمىدى. ئۇلار بىر مىللەتنى ساقلاپ قېلىش يولىدا ئۆن-تىنسىز بەدەل تۆلىگەن مەنىۋى قەھرىمانلار بولۇش بىلەن بىرگە، نامى مەڭگۈ ياد ئېتىپ تۇرۇلىدىغان ھۆرمەتلىك تۆھپىكارلاردۇر.

قارايدىغان بولساق، ئالدىنقى ئەسىردىكى داڭلىق شەخسلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادى يا كۆرەش روھىنى يوقىتىپ ئۆن-تىنسىز يوقالدى. يا راھەت ياشاش يولىنى تاللاپ، چەتئەللەرگە چىقىپ كېتىپ يېرىم شالغۇت ھالغا كېلىپ بولدى. بەزىلىرى ھەتتا تۇرۇشلۇق ئەللەرگە سىڭىشىپمۇ بولدى. پەقەت مەرھۇم مەخسۇم ھاجىم جەمەتىلا نە تەسلىم بولۇش، نە كەسىپ ئۆزگەرتىش، نە چەتئەلگە چىقىپ ھۇزۇر-ھالاۋەتتە ياشاش، نە تورۇپ ياكى چۈشكۈنلىشىپ يوقىلىش يولىنى تۇتماي، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ، جۈملىدىن مىللىتىمىزنىڭ مەرىپەت مەشئىلىنى ۋە جانىجان ئامانىتىنى ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد كۆچ ئۇلاپ يەتكۈزۈپ، 1913-يىلدىن 2013-يىلغىچە بولغان ئەڭ قىيىن ۋە ئەڭ ھالقىلىق يۈز يىلدا پۈتۈن مىللەتكە ئۈلگە بولغۇدەك شەرەپلىك ۋە ئالىيجاناپ جەمەتكە ئايلاندى. ئەكسىچە، باشقا نوپۇزلۇق تارىخىي شەخسلىرىمىزنىڭ ئەۋلادلىرى ئەجداتلىرىنىڭ ۋە مىللەتنىڭ ئۈمۈدىنى ئاساسەن ئاقلىيالمىدى. بەزىلىرى تەسلىم بولدى. بەزىلىرى ۋاز كەچتى. ھەتتا بەزىلىرى دۈشمەننىڭ قىزىل تەشۋىقات ئاكتىپلىرىغا ئايلىنىپ قالدى، ياكى ئۇلاردىن دۈشمەن تولۇق پايدىلىنىپ كەتتى. بىر نەچچەئ اددىي مىسال ئالساق، ھەزرىتى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تۇتقان يولى ئوغلى ئابلىز مەخسۇم بىلەن توختاپ قالدى. بەختكە يارىشا بۇ قۇتلۇق يول يۇقىرىقى مەخسۇم ھاجىم جەمەتىنىڭ قولىدا ساق بىر ئەسىر داۋام قىلىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئىلغار ئىدىيىسى ئوغلى ئىمىرھۈسەيىن قازاجىمنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن زايە بولدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئەپەندى بىلەن سابىت داموللام نەسلىدىن كەلگەنلەر ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا تورۇپ يۈرۈپ ئاساسەن ئۇنتۇلۇپ بولدى. خوجىنىياز ھاجىم بىلەن كونا تۇرپان-قۇمۇل ۋاڭلىرى نەسلىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. مۇسا بايلار جەمەتى چەتئەللەردە سەرگەردان بولدى. ۋەتىنىدە كۆكلىگەندەك قايتا كۆكلىيەلمىدى. ئاتىلىرى قىلالىغاننى قايتا قىلالمىدى. ئۇندىن باشقا نۇرغۇن مەشھۇر ئەدىبلەر ۋە شائىرلارنىڭ ئەۋلادلىرى هاراقكەش دەرتمەنلەرگە ئايلىنىپ كەتتى. ۋەتەنسىزلىك ئۇلارنى بۇرۇنقى جەسۇر ۋە جەڭگىۋار كۆرەش روھىدىن ئايرىپ تاشلاپ، چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا غەرق قىلدى. تېخى بەزىلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆزلۈكى ۋە كىملىكىدىن نومۇس قىلىپ، بارلىق قىممەت قاراشلىرىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتقا سىڭىپ كەتتى. ئەخمەتجان قاسىمى، سەيپىدىن ئەزىزى ۋە بۇرھان شەھىدىنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇتۇقلۇق ھالدا قىزىل قوغدىغۇچىلارغا ئايلاندۇرۇلۇپ، ئۆز خەلقىگە قارشى مۇقام تۇۋلايدىغان ساداقەتمەنلەرگە ئايلاندۇرۇلدى. 1949-يىلدىن كېيىن بەزى پۈتۈنلەي سۈنئىي ئۇسۇلدا ياساپ چىقىلغان قورچاق ئەمەلدارلار، يازغۇچى-شائىرلار، ئەدىب-زىيالىلار، پۇلدار-بايلار ۋە دىنىي زاتلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئاتا-بوۋىلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، مۇھاجىرەتتىكى بىرلىكسەپ ۋە ھەمكارلىق ئىشلىرىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن توسقۇنلۇق قىلماقتا ياكى تۆر تالاشماقتا. بۇنداق سۈنئىي ئۇسۇلدا ياساپ چىقىرىلغان جەمەتنىڭ ئەزالىرىغا خەلقىمىزنىڭ تىزگىنىنى ۋە تەقدىرىنى تۇتقۇزۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. مىللەتكە ماددىي ۋە

مەنىۋى جەھەتتىن باشچىلىق قىلىشتا يەنىلا يۇقىرىقى مەخسۇم ھاجىم جەمەتىدەك ئالدىنقى بىر ئەسىردىن باشلاپ ۋەتىنى ۋە خەلقى ئۈچۈن يۈز يىل ئۇدا بەدەل تۆلەپ، قانلىرى ۋە ھاياتلىرى بىلەن داستان يازغان جەمەتلەرنىڭ ۋارىسلىرى ياكى شۇلارنىڭ يولىنى تۇتۇپ ماڭالىغان كۈچ ئۇلىغۇچى كېلەچەك ئەۋلادلار، ۋەتىنىنىڭ ۋە خەلقىنىڭ مىللىي مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلەلىگەن زېرەك ۋە سەگەك، دۇنيا ۋەزىيىتى ۋە دۇنيانىڭ يۈزلىنىشىنى توغرا پەرەز قىلىپ، زامانغا ماس ھالداھەرىكەت قىلالايدىغان، مەسىلە پەيدا قىلىدىغان ئەمەس، بەلكى ھازىر بار بولغان مەۋجۇت مەسىلىلەرنى يولىب ىلەن ھەل قىلالايدىغان، پۈرسەت كۈتۈپ ياتماي، ئۆزى پۈرسەت يارىتالايدىغان كۆپكە قادىر، مىڭغا ماھىر ئىختىساس ئىگىلىرىلا مىللەتكە باشچىلىق قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە. بولۇپمۇ ھازىرقىدەك ھېچكىم ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدىغان قاتمال ۋەزىيەتتە بۇنداق نىزام بېكىتىش تېخىمۇ تەخىرسىز ۋەزىپە بوپقالدى.

يۇقىرىقى ئۈچ ئەۋلاد مەرھۇملارنىڭ 1917 ـ 1924، 1993 ـ 1937، ـ 1957، ـ 1979، 2009، ـ 2017 ـ يىللاردىكى ھاياتى ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ تەپسىلاتقا ۋە شۇ چاغدىكى ئومۇمىي ۋەزىيەتكە ئالاقىدار چوڭ ئىشلارنى دوكتۇر ئەسەت سۇلايمانىنىڭ بۇ ئاينىڭ بېشىدا يېڭى نەشردىن چىققان «1937 ـ 1957 ـ 2017» ناملىق كىتابى بىلەن، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ شۇ چاغقا ئالاقىدار ئەسەرلىرىدىن ئوقۇۋېلىڭ. باشقا شاھىتلارنىڭ ئەسلىمىلىرىمۇ تەۋسىيە قىلىنىدۇ. يۇقىرىدا پەقەت تارىخىي تەرتىپ بويىچە مەرھۇملارنىڭ ھاياتى ئازغىنا يورۇتۇپ بېرىلدى. ئۇلارنىڭ ئەسىر ھالقىغان ھاياتى ۋە ئەبەدىي ئۇنتۇلماس ئىش ـ ئىزلىرىنى يېزىپ چىقىش توغراكەلسە، يۈز يىللىق بارچە قىممەتلىك مەلۇماتلار پۈتۈلگەن ئېنسىكلوپېدىك ئەسەر مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن. بىز پەقەت كىچىككىنە بىر قىسمىنى سۇنالىدۇق خالاس.

خاتىمە:

ئاكىسىراش خاھىشى تاشقى پوست ۋە سىرتقى قىياپەتتىن ھالقىپ كېتىپ، مانا ئەمدى ھەر بىر خۇي ـ مىجەزىمىزگىچە تولۇق تەسىر قىلماقتا. روھتا قۇللۇق ۋە غالچىلىق، تەندە مېيىنەتلىك ۋە بەتبۇيلۇق، مەنىۋى ئەخلاقتا خۇشامەت ۋە تەخسىكەشلىك، خاراكتېردە ھەزىلەكلىك ۋە خېنىم مىجەزلىك، خۇي ـ مىجەزدە داپشاقلىق ۋە خۇمپەرلىك، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە داپ يۈزلۈك ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، بۇرۇنقىلاردىن قالغان ئۆللەتلەر ختاي ۋىرۇسغا ئوخشاش تېز يامراپ، ياشلارغىمۇ ئېغىر دەرىجىدە پاسسىپ تەسىر بەرمەكتە.

ئۈمۈدسىزلىك ۋە چۈشكۈنلۈك شۇ قەدەر ئېغىر دەرىجىگە يېتىپ قاپتۇكى، خەلقىمىزنىڭ ھايات ماماتىنى ئۆزىمىزگە باغلاپ ئەمەس، ئەجنەبىي ئەللەرنىڭ باشلىقلىرىغا باغلاپ، پۈتۈن ئۈمۈدنى شۇلاردىنلا كۈتۈپ ئولتۇرۇپ، ئاخىرىدا ئاشۇلار تەرىپىدىن ئەجەللىك زەربىگە ئۇچرىغاندا شۇ ھامان ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ تۆگىشىپ كېتىدىغان، ئاقىۋەت يەنە باشقا يېڭى خوجايىنغا تۇتۇلۇپ، ئوغرىدىن قۇتۇلۇپ، قاراقچىغا تۇتۇلىدىغان بۇ تارىخى رېتىمدىن چىقىپ كېتىشىمىز كېرەك. يېقىنقى يۈز ئەللىك يىللىق تارىخىمىزغا نەزەر سالساقلا، كۈچ ۋە جاسارەتنى ئۆزىمىزدىن ئالمىغاننى ئاز دەپ، ئۈمىد بىلەن ئىشەنچنى ئۆزگىلەردىن كۈتۈپ، تەقدىرىمىزنى

ئۇلارنىڭ قولىغا قوش قوللاپ تۇتقۇزۇپ قويغاننى ئازدەپ، ۋەتەن ـ خەلقنىڭ ئىستىقبالىنى ئۇلارنىڭ ئىنسابىغا تاشلاپ قويۇپ بۈگۈنكى ئېغىر كۈنگە قالغانلىقىمىزنى ئەسلىسەكلا كۇپايە.

1877 ـ يىلى زوزۇڭتاڭ باستۇرۇپ كەلگەندە بەدۆلەت ئۆمۈد كۆتكەن ئابدۇلھەمىتخان ھەتتا ئۆز تەختىگىمۇ ئىگە بولالمايۋاتقان ئەھۋالدا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ يىلى 22 ـ ئاپرىلدا باشلانغان ئۇرۇشتا چاررۇسىيە ئىستانبۇلغا قىرىق كىلومېتىر قالغىچە قىستاپ كېلىپ، ئوسمان ئىمپېرىيىسىنى خەرىتىدىن ئۆچۈرۈۋەتكىلى تاسلا قالغانىدى. 1921 ـ يىلى سوتسىيالىزم ئارقىلىق ۋەتەننى قۇتقۇزۇشقا بەل باغلىغان رەھبەرلەر چوقۇنىدىغان لېنىن «ئورۇس ـ ختاي ئىتتىپاقى» ئۈچۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوللىماسلىقنى قارار قىلغانىدى. 1933 ـ يىلى تۇنجى جۇمھۇرىيىتىمىز رەھبەرلىرى چوڭ ئۈمىد كۆتكەن ئافغانىستان ھەتتا دۆلىتىمىزنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان ئىدى. 1944 ـ يىلى ئاخىرقى دۆلىتىمىزنى قۇرۇشقا ياردەم بەرگەن ۋە ئىزچىل قوللىغان ستالىن ئۆزىگە ئىشەنگەن ۋە چوقۇنغان دۆلەت رەھبەرلىرىمىزنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئالىي دۆلەت مەنپەئەتى ئۈچۈن كۆزنى مىت قىلمايلا قۇربان قىلىۋەتكەن ئىدى. ئۇنىدىن كېيىن مەيلى كىمدىن ئۈمىد كۈتمەيلى، ئۇ بىزنى تېخىمۇ يامان كۈندە قويىدى. كاشكى، ئاشۇ ئارزۇ ـ ئۈمۈدلەر ۋە ياخشىلىقنى ئۆزىمىزدىن كۈتۈپ، باشقىلارنىڭ قول تىقىشىنى چەكلەپ، ئىچكى جەھەتتىن بىرلىشۋالغان بولساق، ھېچقانداق تاشقى كۈچ بىزنى بويسۇندۇرالمىغان بولاتتى.

جەڭدە غەلىبە قىلىپ، ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولماق:

تۈركلەردە بىر گەپ بار «تۈركنىڭ تۈركتىن باشقا دوستى يوق» دەيدىغان. شۇنىڭدەك تۈركلەر «تۈركنى پەقەت تۈرك قۇتقۇزىدۇ» دېگەن ئىدىيە بىلەن 1919 ـ يىلدىن 1922 ـ يىلغىچە ئۈچ يىل ئۇرۇشۇپ، ھازىرقى تۈركىيە دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقتى. ئەمما بىز 1945 ـ يىلى پۈتۈن ۋەتەننى ئۈچ ئايدىلا ئازات قىلالايدىغان ھالغا كېلىپمۇ، ئۆزى ئاكتىپ سۈلھى تەلەپ قىلغان گومىنداڭ بىلەن تەڭسىز كېلىشىم ئىمزالىغاندىن سىرت، يەنە ئۇنىڭ بېقىندىسى بولۇشقا رازى بولۇپ، مۇستەقىللىقتىن ئاسانلا ۋازكەچتۇق. «ئۇيغۇرنى ئۇيغۇر قۇتقۇزىدۇ. ئۇيغۇرنى ئۇيغۇرلۇق قۇتقۇزىدۇ» دېگەن ئىدىيە ئورنىغا «ئۇيغۇرنى ئورۇسلار ۋە سوتسىيالىزم قۇتقۇزىدۇ»، «ئۇيغۇرنى گومىنداڭ خىتايلىرى ۋە تۈرك مىللەتچىلىكى قۇتقۇزىدۇ»، «ئۇيغۇرنى قىزىل كومپارتىيە خىتايلىرى ۋە جۇڭگوچە كوممۇنىزم قۇتقۇزىدۇ» دېگەن ئىدىيەدە چىڭ تۇرۇپ، ئاقىۋەت ئەزىزخەلقىمىزنىڭ گۆرىنى ئۆزىمىز ئاكتىپلىق بىلەن ئالدىن كولاپ قويغان بولدۇق.

تۈركلەرنىڭ شۇنچە قىيىن مىللىي مۇستەقىللىق ئۇرۇشى غەلىبە قىلدى. بىزنىڭ بىر يىلدىلا غەلىبە قىلاي دېگەن ئۇرۇشىمىز مەغلۇپ بولدى. بۇنىڭ تاشقى سەۋەبلىرى ھەدەپ تەكرار تىلغا ئېلىنىدى. ئەمما ئىچكى سەۋەپتىن ھەممە ئادەم ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلدى.

تۈركلەر 1919 ـ يىلى ئومۇمىيۈزلۈك قوزغىلىپ، راسا ئۇرۇۋۇشۇۋاتقاندا، گرېتسىيە سۈلھى تەلەپ قىلدى. تۈركىيە ماقۇل بولدى. شەرتلىرى: 1. سەن سۈلھى تەلەپ قىلغۇچى، ئورۇننى مەن بەلگىلەيمەن 2. سەن سۈلھى تەلەپ قىلغۇچى، ۋاقتنى مەن بەلگىلەيمەن 3. سەن سۈلھى تەلەپ قىلغۇچى، شەرتنى مەن قويىمەن.

بۇنداق قىلىش ئارقىلىق تۈركىيە جەڭدىلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپلا قالماي، ئۇرۇشتىمۇ ئۈستۈنلۈككە چىقتى. يەنە بىرمەسىلە شۇكى، تۈركىيەنىڭ يىغىپ ئەكەلسە ئاران 200 مىڭ ئەسكىرى بار ئىدى. بەزى قوماندانلار كۈنسىرى چېكىنىپ ئاساسى كۈچىنى ساقلاشنى تەۋسىيە قىلغاندا ئاتاتۈرك «200 مىڭ ئەسكىرى كۈچىمىز بىزنىڭ ئەڭ كۆپ كۈچىمىز، ئاساسىي كۈچىمىزنى ساقلىغان تەقدىردىمۇ بۇ سان ھەر كۈنى كېمىيدۇكى ئاشمايدۇ، بىزنىڭ ھازىرقى بىردىنبىر قىلالايدىغان ئىشىمىز 200 مىڭ ئەسكىرىمىز بىلەن ماماتلىق ھۇجۇمغا ئۆتۈپ مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈش، بىزنىڭ بۇنىڭدىن باشقا زاپاس تولۇقلايدىغان كۈچىمىز يوق» دېگەن ئىكەن. بىز يۇقىرىقىلارنىڭ ھېچقايسىسىنى بەجا كەلتۈرەلمىدۇق. چۈنكى قابىل باش قوماندان ۋە دانا ئوفېتسىرلار يوق ئىدى. ھەممە ئىش ۋە ھەربىي ھوقۇق يا ئورۇسلار يا ئورۇسپەرەسلەرنىڭ قولىدا ئىدى. مىللىي مۇستەقىللىق تەرەپدارلىرى يېتىم قالغانىدى.

ھەر بىر ئۇيغۇر ئەۋلادى مۇشۇنداق «ئۇيغۇرنى ئۇيغۇر ئۆزى قۇتقۇزىدۇ!» دېگەن ئىدىيىگە كېلىپ، ياتقانئورنىدىن دەس تۇرۇشى لازىم! ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ باش كاتىپى مەرھۇم ئابدۇرۇئوپ مەخسۇم ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى، 2001 ـ يىلى چوڭقۇر خورسىنىش ئىچىدە بىزدىكى «ئاكسىراش خاھىشى ۋە ياتتىن پۈتۈنلەي ئۈمۈد كۈتۈش خۇمارى» نىڭ ئاقىۋەت پۈتۈن خەلقنى مۆلچەرلىگۈسىز پاجىئەگە دۇچار قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن. شۇڭلاشقا ئۆزىمىزنى كەمستمەسلىكىمىز، ئۆزىمىزگە كۈچلۈك ۋە يىمىرىلمەس ئىشەن چتۇرغۇزۇپ، ھەر قانداق ئىشتا ئۆزىمىزنى ئاساس قىلىشىمىز كېرەك! ئىمامىمۇ، ئاۋامىمۇ، مۇئەللىممۇ،قوماندانىمۇ، يېتەكچىمۇ ئۆزىمىزدىن چىقىشى كېرەك! «پېشۋا ياتتىن، مۇرت بىزدىن بولىدىغان ھالەتكە خاتىمەبېرەيلى!» ئۇندىن باشقا تەرنى، قاننى بىز تۆكۈپ، غەلىبە مېۋىسىنى ياتلار سۈرىدىغان پالاكەتكىمۇ خاتىمەبېرەيلى! ئابدۇرۇئوپ مەخسۇم ھەقىقەتەن ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ھەق گەپ قىپتۇ! قېنى ئەمىسە، تەر تۆكۈپ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ نۇرغۇن ئىمپېرىيەلەرنى قۇرغان شانلىق مىللەتنىڭ ئەۋلادلىرى ـ ئالغا ھىممەت بىزدىن قىممەت ئاللاھتىن، سەۋەپ بىزدىن نەتىجە خۇدادىن! ھەرىكەت بىزدىن، بەرىكەت ياراتقان ئىگىمىزدىن! تەۋەككۈلچىلىك بىزدىن، مۆجىزە رەببىمىزدىن! لايىقىدا تولۇق ھازىرلىنالىساق ئىنشائاللاھ ئەمدى نۆۋەت بىزنىڭكى!

بىر قىسىم شەخسلەر ھەققىدە ئىزاھات:

1. ئاتالىق غازى مۇھەممەد ياقۇپبەگ:

1822 ـ يىلى قوقانغا قاراشلىق پىسكەنتتە تېگى قەشقەرلىك يۇسۇپ تاشچى جەمەتىدە دۇنياغا كەلگەن. 1847 ـ يىلى چاررۇسىيە پاسىلىدىكى ئاق مەسچىت قەلئەسىنىڭ قوماندانى بولغان. 1853 ـ يىلى قەلئە قولدىن كېتىپ تەلىيى كاج كەلگەن. 1854 ـ يىلدىن 1864 ـ يىلغىچە قوقان ۋە بۇخارا خانلىقى ئارىسىدا يۈتكىلىپ يۈرۈپ تالانتىنى جارى قىلدۇرغان. بىراق ھەر ئىككى ئەلنىڭ پادىشاھلىرى ياقۇپبەگ تۆپەيلى يامانلىشىپ قالغان. ھالقىلىق پەيتتە قوقەن ئەمىر لەشكىرى موللا ئالىمقۇل ياقۇپبەگنى قەشقەرگە يولغا سالغان بۇزرۇكخان خوجىغا قوشېپكى قىلىپ قەشقەرگە قاچۇرۇۋەتكەن. 1865 ـ يىلدىن 1867 ـ يىلغىچە پۈتۈن تارىم ۋادىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قەشقەرىيە دۆلىتىنى قۇرۇپ چىققان. 1870 ـ يىلى توقسۇن بىلەن تۇرپاننى، 1871 ـ يىلى ئۈرۈمچى بىلەن ماناسنى قولغا ئالغان. بىراق 1877 ـ يىلى 29 ـ ماي سىرلىق ھالدا ئۆلۈپ كېتىپ، پۈرسەت كۈتۈۋاتقان زوزۇڭتاڭ يىل ئاخىرىغىچە ۋەتىنىمىزنى ئىشغال قىلىۋالغان.

**2. مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللام:**

ئۇيغۇر خەلقىنى ئويغاتقۇچى، شۇنداقلا يېڭىچە مائارىپ ئارقىلىق تىرىلدۈرگۈچى يېتۈك داھىي، ۋەتەنپەرۋەر، مەرپەتپەرۋەر شائىر ۋە ئەدىب، تونۇلغان ئالىم ۋە يېگانە ئەللامە ئابدۇقادىر ئىبنى ئابدۇلۋارىس قەشقەرىي (1862 ـ 1924) ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە، پارسچە بىلەتتى؛ خەلقنى جاھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇش، مىللىي ئاڭنى ۋە مىللىي مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش يولىدا بىر ئۆمۈر كۆرەش قىلغان. ئۇنىڭ «سەرف نەھۋى» («مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس»)، «ئىلمى تەجۋىد» («قىرائەت ئىلمى»)، «ئىلمى ھېساب»، «ئاقائىدىزەرۇرىيىيە» («زۆرۈر ئەقىدىلەر»)، «تەئلىمۇس سىبيان» («گۆدەكلەرگە تەلىم»)، «نەسىھەتۇل ـ ئەتفال» («ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە نەسىھەت»)، «نەسىھەتى ئامىمە» («ئامىمغا نەسىھەت»)، «مىپتاھۇل ـ ئەدەب» («ئەدەبىياتنىڭئاچقۇچى»)، «جەۋاھىرۇل ـ ئىيقان» («ھەقىقەت جەۋھەرلىرى») قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. 1924 ـ يىلى 14 ـ ئاۋغۇست تولىمۇ پۇختا پىلانلانغان سىرلىق سۇيىقەست بىلەن قەتلى قىلىنغان.

**3. قۇتبىددىنشاھ ھۇسەيىنخان تەجەللىي:**

ئاتاقلىق شائىر، خىمىك ۋە تىبابەت ئالىمى تەجەللىي (1858 ـ 1930) ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تارىخىدىكى چولپان يۇلتۇز بولۇپ، ئابدۇشكۇر مۇھەممەد ئىمىننىڭ ئېيتىشىچە، يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا تەجەللىدەك ئۇنىۋېرسال ئالىم ۋە مۇتەپەككۇر چىقىپ باقمىغان ئىكەن. ئۇ ئانا تىلدىن باشقا ئەرەب، پارس، ھىندى ۋە قەدىمقى ئۇيغۇر تىللىرىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئەرەب، پارس، ھىندى ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا يازغان شېئىرلىرىنىڭ بىر قىسمى «بەرقى تەجەللىي ۋە سەبەقى مۇجەللىي» دېگەن نام بىلەن 1869 ـ يىلى قەشقەردە تاش مەتبەدە بېسىلغان؛ «دىۋانچە تەجەللىي» ناملىق شېئىرلار توپلىمى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇلغارىيىدە ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان؛ يەنە بىرقىسىم شېئىرلىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «باياز»لاردا ئېلان قىلىنغان.

تەجەللىي ھەزرەتنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ھەققىدە 1858 ـ 1856 ـ يىلى تالىنىپ چىققان بولسىمۇ، بىراق ۋاپات بولغان ۋاختى ھەققىدە بەك كۆپ قاراش بار. ئەڭ كۈچلۈك قاراش دەل مۇشۇ ئەسەردىكى قاراش شۇ. يەنى ئۇ1929 ـ يىلى 22 ـ فېۋرال جۈمە كېچىسى ۋاپات بولغان (ھجىرىيە 1347 ـ رامىزاننىڭ 12 ـ كۈنى پەيشەنبەكەچ).

**4. بۇغراخان ئەۋلادى قۇتلۇق ھاجى شەۋقىي:**

قۇتلۇق ھاجى شەۋقىي (1876 ـ 1937) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىدىن بىرى، ئاتاقلىق نەشرىياتچى ۋە جامائەت ئەربابى. ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە، پارسچە، تۈركچە تىللارنى بىلەتتى. «شەۋقىي» تەخەللۇسى بىلەن شېئىر ـ ماقالىلەرنى ۋە تارىخقا ئائىت «ۋاقىئى كاشغەر» («قەشقەردىكى ۋەقەلەر») ناملىق كىتابنى يازغان؛ ئۇنىڭدىن باشقا، 1933 ـ يىلى «ئەركىن ھايات گېزىتى»نى نەشر قىلغان. كېيىن بۇ گېزىت رەزىل كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلى بىر مەزگىل توختىتىلغان بولسىمۇ، 1934 ـ يىلى 23 ـ ئاۋغۇستتىن باشلاپ «يېڭى ھايات» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلىنغان. بۈيۈك ئەجدادى مەھمۇد كاشغەرىي يازغان تۈركىي تىللار دىۋانىنىڭ بىردىنبىر نۇسخىسى 1917 ـ يىلى تۈركىيەدە بايقىلىپ، نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، 1918 ـ يىلى قۇتلۇق ھاجى شەۋقىي بىر نۇسخىسىنى ۋەتىنىمىزگە ئېلىپ كەلگەن. 1937 ـ يىلى 14 ـ ماي (بەزى مەنبەلەردە شۇ يىلى 17 ـ ئۆكتەبىر) رازاق مەۋلانوف تەرىپىدىن قىيناپ شېھىتقىلىنغاندىن كېيىن، مەزكۇر دىۋان قولدى ـ قولغا ئۆتۈپ يۈرۈپ، 1960 ـ يىللىرى مەرھۇم مۇھەممەد سالىھداموللاجىم ۋە باشقا بەش چوڭ زىيالى تەرىپىدىن بىرلىكتە نەشرگە تەييارلانغان. بىراق 1966 ـ يىلى باشلانغان مەينەت ئىنقىلابتا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

**5. ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىمنىڭ ئىنىسى ھامۇتخان مەخسۇمھاجىم:**

ھامۇتخان مەخسۇم ھاجىم 1980 ـ يىللاردا قاغىلىقتا ئاكىسى ئابلىكىم مەخسۇم ھاجىم ئاچقان مەدرىسىدە دەرس ئۆگىتىپ ئالاھىدە تۆھپە قوشقان. ئۇ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا، ئەدەب، ناتىق، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى يۇقىرى، شېئىر ئوقۇشقا ھېرىسمەن، ھەر قانداق بىر شېئىرنى بىرلا قېتىم ئوقۇپ ئېسىدە ساقلاشتىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تونۇلغان. 2009 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ۋاپات بولغان.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1. «قەشقەرىيە»

2. «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى»

3. «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»

4. «ئۆلكە تارىخى»

5. «تارىخ بېتىنى ۋاراقلىغاندا»

6. «شاھىتلار نەزىرىدىكى تارىخ»

7. «بۇلاق ژۇرنىلى 1989-يىل، تۈنجى سان»

8. «تەجەللىي مۇجەللىي».

9. «تەجەللىي شېئىرلىرىدىن تاللانما».

10. «تارىخىمىزدىكى سىرلار ۋە ئۇنتۇلغان ئۇلۇغلىرىمىز»

11. «ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى-يورۇق ساھىللار»

12. «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»

13. «ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تەرجىمىھالى»

14. «20-ئەسىردىكى تۇنجى ئىسلاھاتچى»

15. «ئوسمان قارىھاجىمنىڭ مەلۇماتلىرى»

16. «ۋىكىپېدىيە سەھىپىسى»

17. «ئۇيغۇر تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر»

18. «تاشقورغان ئىنقىلابى ھەققىدە ئەسلىمىلەر»

19. «خوتەن ئىسلام ھاكىمىيتى ھەققىدە»

20. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى-گوما تارىخي ماتېرىياللىرى»



# ئۆتكەن بىر ئاي
# ئېچىدىكى ئۇيغۇرلارغا
## مۇناسىۋەتلىك مۇھىم
## ۋەقە - ھادىسىلەر

(2020-يىلى 10– ئاينىڭ 26 – كۈنىدىن 2020 - يىلى 11– ئاينىڭ 26 - كۈنىگىچە)

# ئايلىق خەۋەرلەر

**(26 ـ ئۆكتەبىردىن 26 ـ نويابىرغىچە)**

**26 ـ ئۆكتەبىر**

**تورى «شەرقىي تۈركىستاندا بىر خىتاي ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچى بايقىلىشى بىلەن، خىتاي مىليونلىغان كىشىنى تەكشۈردى»ناملىق خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە دېيىلىشىچە، ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان بىر كىشى بايقالغاندىن كېيىن، خىتاي قەشقەر شەھىرىدىكى بەش مىليون كىشى ئۈچۈن ۋىرۇس تەكشۈرۈشى ئېلىپ بارغان.**

**گېرمان ئاۋازى تورى «ياۋروپا ئىتتىپاقى خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېرلاردا ئىشلەتكەن تېخنولوگىيىنى ئىشلەتمەكتە» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلىندى. خەۋەردە دېيىلىشىچە، ياۋروپا ئىتتىپاقى خىتاي ۋىرۇسى بىلەن كۆرەش قىلىش جەريانىدا خىتاينىڭ خەيكاڭ تېخنولوگىيە شىركىتى ئىشلەپچىقارغان ئىسسىقلىقنى پەرق ئەتكۈچى كامېرانى قوللانغان. خەيكاڭ شىركىتى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەرنى باستۇرۇشقا ھەمكارلاشقان  شىركەت ئىكەن.**

**28 ـ ئۆكتەبىر**

**تەيبېي ۋاقتى گېزىتى «ئامېرىكا كېڭەش پالاتا ئەزالىرى خىتاينى <ئىرقىي قىرغىنچىلىق> بىلەن ئەيىبلەشكە چاقىرىق» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە دېيىلىشىچە، ئامېرىكا كېڭەش پالاتا ئەزالىرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارغا ۋە باشقا تۈركىي مۇسۇلمانلارغا قارشى ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى جاكارلاشنى تەلەپ قىلغان.**

**29 ـ ئۆكتەبىر**

**ۋال سترېت ژۇرنىلى «پومپېئو ھىندونوزىيەدە مۇسۇلمانلارنى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياستىگە قارشى چىقىشقا چاقىرىق قىلدى» ناملىق ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە دېيىلىشىچە، ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى مايك پومپېئو ھىندونېزىيەلىك مۇسۇلمانلارنى خىتاي زۇلمى ئاستىدىكى ئۇيغۇرلار قاتارلىق مۇسۇلمانلارنى قوللاپ، خىتاينىڭ قارشىسىدا مۇستەھكەم تۇرۇشقا چاقىرغان.**

30 ـ ئۆكتەبىر

CNN تورى «ختاي ئەڭ كۈچلۈك كونترول قىلغان رايون ئايلاردىن بېرى ختاي ۋىرۇسى ھەممىدىن كۆپ تارقالغان رايون بولۇشقا يۈز تۇتتى» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە، ختاينىڭ باشقا ئۆلكىلىرىدە ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار يوق دېيەرلىك بولىۋاتقان تۇرۇقلۇق، ئەڭ قاتتىق كونتروللۇق ئىچىدىكى شەرقىي تۈركىستاندا ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغانلارنىڭ يۈزلەپ مەۋجۇتلۇقىغا دىققەت تارتىلغان.

31 ـ ئۆكتەبىر

ھىندىنوزىيەنىڭ ئۈچ ئۇيغۇرنى ختايغا قايتۇرۇۋەتكەنلىك خەۋىرى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنى قايغۇغا سالدى.

2 ـ نويابىر

بلۇمبېرگ تورىنىڭ 2 ـ نويابىردىكى خەۋىرىچە، شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملىنىش ئەھۋالى يازدىن ئېتىبارەن پۈتۈن ختاي بويىچە ئەڭ ئالدىدا تۇرغان.

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ 2 ـ نويابىردىكى خەۋىرىچە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۈچتۇرپانىدا جازا لاگېرىغا سولانغان ئالتە كىشى ئۆلۈپ كەتكەن ياكى ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان.

3 ـ نويابىر

تەيبېي ۋاقتى تورىنىڭ 3 ـ نويابىردىكى خەۋىرىچە، شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملىنىش ئەھۋالى مۇشۇ يىل يازدىن ئېتىبارەن پۈتكۈل ختاي بويىچە ئەڭ ئالدىدا تۇرغان.

4 ـ نويابىر

ئوتتۇرا شەرق كۆزەتچىسى تورىنىڭ 4 ـ نويابىردا ئېلان قىلغان خەۋىرىچە، ئىلگىرى ختاينىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ختايغا جاسۇسلۇق قىلىپ، كېيىن قىلمىشىغا تەۋبە قىلىپ ختاينى پاش قىلغان يۈسۈپجان ئەمەت 3 ـ نويابىر كۈنى نامەلۇم شەخسلەر تەرىپىدىن قوراللىق ھۇجۇمغا ئۇچراپ ئېغىر يارىدار بولغان. كۆزەتچىلەر، يۈسۈپجانغا قىلىنغان قوراللىق ھۇجۇمدا ختاينىڭ قولى بارلىقىنى پەرەز قىلىشقان.

5 ـ نويابىر

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئىنگلىزچە بۆلۈمىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، ئامېرىكا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نى تېررورچى تەشكىلات تىزىملىكىدىن چىقىرىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى مۇشۇ باھانىدە باستۇرۇش باھانىسىنىڭ بىلىگە پالتا چاپقان.

**6 ـ نويابىر**

فوربېس ژۇرنىلى 6 ـ نويابىر ئېلان قىلغان ماقالىسىدە «شەرقىي تۈركىستاندىكى غايىپ بولغان مەسجىدلەر» ناملىق ماقالىسىدە دېيىلىشىچە، ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيىلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى (ASPI) شەرقىي تۈركىستاندىكى 533 مەسجىدنىڭ ئورنىنى ئېنىقلاپ ۋە ئانالىز قىلىپ چىققان بولۇپ، بۇ مەسجىدلەرنىڭ 129ى ئۈرۈمچىدە ئىكەن. ئۇلار ئېنىقلاپ چىققان شەرقىي تۈركىستاندىكى 533 مەسجىدتىن 170 مەسجىد چېقىپ تاشلانغان، 175 مەسجىد ۋەيران قىلىنغان، 188 مەسجىد ساقلىنىپ قالغان. شەرقىي تۈركىستاندا تەخمىنەن 16 مىڭ مەسجىد بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، 8450 مەسجىد پۈتۈنلەي چېقىپ تاشلانغان.

**9 ـ نويابىر**

قوغدىغۇچى گېزىتىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، خەلقئارالىق جىنايى ئىشلار سوتىغا سۇنۇلغان ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى شىكايەتنامىسى 16 دۆلەتتىكى ئاتمىشتىن كۆپرەك پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن.

**10 ـ نويابىر**

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئىنگلىزچە بۆلۈمىنىڭ خەۋىرىچە، ھەمدۇللا ۋەلى سەئۇدى دائىرىلىرى تەرىپىدىن شەرقىي تۈركىستانغا قايتۇرۇۋېتىلىش تەھدىتىگە دۇچ كەلگەن.

ئۇيغۇرلار، تىبەتلەر ۋە خوڭكوڭلۇقلار، شۇنداقلا خىتاي كىشىلىك ھوقۇق ئادۋوكاتلىرى خەلقئارالىق ئولىمپىك كومىتېتىدىن خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇققا تۈپتىن زىت جىنايەتلىرى سەۋەبلىك، 2022 ـ يىلى خىتاي پايتەختى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلغان.

**11 ـ نويابىر**

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئىنگلىزچە بۆلۈمىنىڭ خەۋىرىچە، تۈتقۇندىكى ئۇيغۇر زىيالىيسى راھىلە داۋۇت «تەپەككۇر جاسارىتى مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن.

13 ـ نويابىر:

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئىنگلىزچە بۆلۈمىنىڭ خەۋىرىچە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاقسۇ شەھىرىدىكى ئىككى جازا لاگېرى سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق دەلىللەنگەن بولۇپ، سۈنئىي ھەمراھ رەسىمىدىن ئانالىز قىلىنىشىچە بىر ـ بىرىگە يېقىن بۇ ئىككى جازا لاگېرىنىڭ ئارىسىنى قەبرىستانلىق ۋە جەسەت كۆيدۈرۈش ئورنى ئايرىپ تۇرىدىكەن.

14 ـ نويابىر:

«مالايسىيا قۇياشى» تورىنىڭ 14 ـ نويابىر «خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ھەرىكەتلىرى <ئىرقىي قىرغىنچىلىق> دەپ ئاتىلىشى كېرەك» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە، ئۇيغۇر ئاكتىۋىست روشەن ئابباس خانىمنىڭ 13 ـ نويابىر ئەنقەرەدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر پائالىيەتتە، خەلقئارا جامائەتچىلىكنى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىگە قارشى تۇرۇشقا چاقىرىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىلمىشلىرىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئاتاش كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلغانلىقى بايان قىلىنغان.

15 ـ نويابىر:

ھىندىستاننىڭ «سودا دۇنياسى» تورى «ھەر بىر ئۇيغۇر ئەركىنلىك جەڭچىسىدۇر» نامىدىكى خەۋەر ئېلان قىلغان بولۇپ، خەۋەردە ئۇيغۇر ئاكتىۋىست تاھىر ئىمىن ئەپەندىنىڭ 15 ـ نويابىردا ۋاشىڭتوندىكى نامايىشتا «ھەر بىر ئۇيغۇر ئەركىنلىك جەڭچىسىدۇر» دېگەن مەزمۇندىكى سۆزىنى نەقىل قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى ئاڭلاتقان.

16 ـ نويابىر

«يەھۇدى ژۇرنىلى» 16 ـ نويابىر «ئۇيغۇرلارنىڭ قورقۇنچلۇق چۈشى» نامىلىق يازما ئېلان قىلدى. يازمىدا ئۇيغۇرلار ئۇچرىغان باستۇرۇشلار ۋە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرى تىلغا ئېلىندى.

17 ـ نويابىر:

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئىنگىلىزچە بۆلۈمى 17 ـ نويابىر «ئامېرىكالىق خەلقئارالىق قانۇنشۇناسلار بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى دەپسەندىچىلىكنى تەكشۈرۈشكە چاقىردى» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلدى.

18 ـ نويابىر:

موسكۋا ۋاقتى تورى «سانكت پېتربۇرگدىكى ئاياقتىن تېپىلغان ئۇيغۇر مەھبۇسنىڭ چاقىرىقى كىشىلىك ھوقۇق مۇتەخەسسىسلىرىگە سىگنال بەردى» ناملىق ماقالە ئېلان قىلدى. ئاياقتىن تېپىلغان خەتتە «ياردەم! مەن خىتايدىكى تۈرمىدە. ئۇيغۇرلارغا ياردەم قىلىڭلار» دېگەن مەزمۇن ئىنگىلىزچە يېزىلغان.

19 ـ نويابىر:

بۈگۈنكى ياپونىيە تورىنىڭ 19 ـ نويابىردىكى خەۋىرىچە، ياپون ھۆكۈمىتىنىڭ باش باياناتچىسى «ياپونىيە خىتاي ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى يېقىندىن كۆزەتمەكتە» دېگەن. باياناتچى خىتاينىڭ خەلقئارا جامائەتچىلىكنى بىردەك ئېتىراپ قىلغان ئەڭ ئاداققى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرىنىڭ خىتايدىمۇ كاپالەتكە ئىگە قىلىنىش ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

20 ـ نويابىر:

20 ـ نويابىر ئامېرىكا ئاۋازى تورى «ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىكى خىتايغا ئائىت سەزگۈر تېمىلار تور ھۇجۇمىنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە بارغانچە كۆپ ئۇچرىماقتا» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە دېيىلىشىچە، ئامېرىكادا ياشاۋاتقان ئادۋوكات رەيھان ئەسەت 13 ـ نويابىر كۈنى ئامېرىكا بىرەندېيس ئۇنىۋېرسىتېتى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياسىتى ۋە ئۇيغۇرلارنى تۇتقۇن قىلىشى توغرىسىدا ئۇيۇشتۇرغان تور مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان. سۆز نۆۋىتى رەيھان ئەسەتكە كېلىشى بىلەن، ئېكراندا «يالغان خەۋەر»، «يالغانچى» دېگەندەك خەتلەر كۆرۈنۈپ، بۇ سۆھبەت ئىنتېرنېت ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان.

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئىنگىلىزچە بۆلۈمى ئېلان قىلغان «شىنجاڭ دائىرىلىرى يۈزلىگەن ئىمامنى تۇتقۇن قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ھاياتىنى مالىمان قىلدى» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلغان.

خەۋەردىن مەلۇم بولۇشىچە، زوراۋان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 2017 ـ يىلىدىن بۇيانقى زور كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىدە ئۇيغۇر ئىماملار ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان بولۇپ، دىنىي زاتلار خىتاينىڭ ئەڭ چوڭ باستۇرۇش ئوبيېكتلىرىدىن بىرى بولغان. خەۋەردە دېيىلىشىچە، مىيتىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ، دەپنە

ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلغۇدەك ئىمام قالمىغانلىقى، مەسجىدلەر چېقىلىپ تۈزلىۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇيغۇرلاردا ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقۇش خاھىشى يۈز بەرگەن.

ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتىنىڭ 20 ـ نويابىردىكى خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، ئالما شىركىتى لوبىچىلىرى مۇشۇ يىلى 22 ـ ئاۋغۇست ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە تەستىقتىن ئۆتكەن «ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان مەجبۇرىي ئەمگەكنى توختىتىش قانۇن لاھىيىسى»نى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن تىرىكەشمەكتە ئىكەن. ئالما شىركىتىنىڭ بۇ ھەقتىكى تىرىكىشىشىدىن مەلۇمات بەرگەن ھەر ئىككى خادىم ئالما شىركىتىنىڭ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنغان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى قاتناشتۇرۇشىدىكى سەۋەبىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

21 ـ نويابىر

يۇلتۇز گېزىتىنىڭ 21 ـ نويابىر ئېلان قىلغان ماقالىسىگە كۆرە، كانادانىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بوب راي (Bob Rae) يېقىندا CBC تېلېۋىزىيىسىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش كونسۇلىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، نۆۋەتتىكى ئەھۋالنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەرىجىسىگە بارغان بارمىغانلىقىنى تەكشۈرۈشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلغان. مەزكۇر ماقالىدە ئېيتىلىشىچە، 21 ـ ئۆكتەبىر كانادا پارلامېنتى خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىلمىشلىرىنى «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى»گە بىنائەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ جاكارلىغان. خىتاي بۇ قاراردىن دەرغەزەپ بولغان. خىتاينىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى كانادا كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ بۇ ھەقتىكى باياناتىنى يالغانچىلىق دەپ ئەيىبلىگەن.

23 ـ نويابىر

23 ـ نويابىر «ئوتتۇرا شەرقنىڭ كۆزى» تورى «ئۇيغۇر ئالىمى سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۇتقۇن قىلىندى، خىتايغا قايتۇرۇۋېتىلىش ئېھتىمالى بار»ناملىق ماقالە خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە بىلدۈرۈلۈشىچە، مۇشۇ

يىلى فېۋرال ئېيىدا مەككىگە ئۆمرە ھەج ئۈچۈن بارغان ھەمدۇللا ئابدۇۋەلى 20 ـ نويابىر سەئۇدى بىخەتەرلىك تارماقلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان. خەۋەردە يەنە مىسىرنىڭ 2017 ـ يىلى ئىيۇل ئېيىدا تۇتقۇن قىلىنغان ئاتمىش ئىككى ئۇيغۇردىن ئەڭ كەمدە ئون ئىككىسىنى، تايلاندنىڭ 2015 ـ يىلى ئاۋغۇستتا 220 ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرگەنلىكى ئەسلەپ ئۆتۈلگەن.

ئەركىن ئاسىيا ئۇيغۇرچە بۆلۈمى خەۋىرى: 1989 ـ يىل يۈز بەرگەن تيەنئەنمېن ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى، تەيۋەنلىك ئۇيغۇر زىيالىيسى، ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتىنىڭ پەخرىي رەئىسى ئۆركەش دۆلەت تەيۋەن پارلامېنتى (تەيۋەن قانۇن چىقىرىش كومىتېتى) دا قۇرۇلغان كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەنگەن بولۇپ، ئىجرائىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىنغان.

### 24 ـ نويابىر

24 ـ نويابىر ۋايىس تورى «رىم پاپاسى فرانسىس ئاخىرى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇشىنى ئېتىراپ قىلدى» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە دېيىلىشىچە، خىرىستىئان دىنى كاتولىك مەزھىبىنىڭ مەنىۋىي داھىيسى، ۋاتىكان شەھەر دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمدارى فرانسىس يىللاردىن بېرى روھىنگا مۇسۇلمانلىرى دۇچ كەلگەن ۋە ئىراقتىكى يەزىدىلەر دۇچ كەلگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشى ئاۋاز چىقىرىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن باستۇرۇشقا قارشى ئاۋازى چىقىرىشى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىكەن.

پاپا فرانسىس خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇشىنى تىلغا ئالغاندىن كېيىن، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ نومۇسسىز باياناتچىسى جاۋ لىجيەن پاپانىڭ ئۇيغۇر ھەققىدىكى سۆزىنىڭ پۈتۈنلەي ئاساسسىز ئىكەنلىكى توغرىسىدا بايانات بەرگەن.

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ 24 ـ نويابىر ئېلان قىلغان خەۋىرىدە بايان قىلىنىشىچە، خىتاي دۆلەتلىك ئېنېرگىيە ئىدارىسى مۇقىم ئېنېرگىيە تەمىناتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىتاي ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ غەربىدىكى تۆت كۆمۈر كانىنىڭ ئىشقا كىرىشىشىنى تەستىقلىغان.

خىتاي ھۆكۈمىتى مەزكۇر تۆت كۆمۈر كانىغا تۆت مىليارد دوللاردىن كۆپ مەبلەغ سالغان بولۇپ، خىتاي دۆلەتلىك ئېنېرگىيە ئىدارىسىنىڭ بايانىچە، بۇ تۆت كۆمۈر كاندىن يىلىغا ئالتە مىليون توننا كۆمۈر چىقىدىكەن.

ئامېرىكالىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە تارىخى تەتقىقاتچىسى، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورانتى جوشۇئا فرىمەننىڭ «خىتاي مېنىڭ پروفېسسورىمنى قامىدى، ئەمما ئۇنىڭ شېئىرىنى قامىيالمايدۇ» ناملىق ماقالىسى 24 ـ نويابىر نيۇيورك ۋاقىت گېزىتىدە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە، جوشۇئا فرىمەن شائىر ئابدۇقادىر جالالىدىن بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى، ئۇنىڭ قاماقتا تۇرۇپمۇ شېئىرنى يېزىشنى توختاتمىغانلىقىنى، قاماقتا يېزىلغان شېئىرلىرىدىن بىرىنىڭ تاشقى دۇنياغا يېتىپ كەلگەنلىكى بايان قىلغان ۋە ئۇنىڭ تۈرمىدە تۇرۇپ يازغان دەپ قارالغان شېئىرىنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى ماقالىگە قىستۇرما قىلغان.

ئامېرىكالىق زىيالىي جوشۇئا فرىمەننىڭ ئۇيغۇرلارنى شېئىر بىلەن باغلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ خەلقئارادىكى ئوبرازىنىڭ ئۆسۈشىدە ۋە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى سەپسەتىلىرىنى رەت قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

دۇنيادىكى نوپۇزلۇق ئاخبارات ئورگانلىرىدىن ئەنگلىيە رادىئو تېلېۋىزىيە ئىدارىسى ب ب س 24 ـ نويابىر كۈنى «2020 ـ يىلى دۇنيادا تەسىر پەيدا قىلغان يۈز تەسىرچان ئايال» تىزىملىكىگە ئىستانبۇلدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئانا تىل ئوقۇغۇچىسى، ياش قەلەمكەش مۇيەسسەر ئابدۇلئەھەد خەندانىنىمۇ كىرگۈزدى. بۇ خۇش خەۋەردىن مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار خۇشاللىققا چۆمدى.

26 ـ نويابىر:

CNN تورىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتايدىكى چەتئەللىك دىنىي گۇرۇپپىلار ۋە ئىبادەتچى كىشىلەر شى جىنپىڭ رەھبەرلىكىدىكى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دىن ئادەملىرىگە قىلىدىغان ھۇجۇملىرىنىڭ يېڭى نىشانىغا ئايلىنىش مۇمكىنچىلىكى بار ئىكەن.

خىتاي ئەدلىيە مىنىستىرلىقى مۇشۇ ھەپتە ئېلان قىلغان قائىدە ـ نىزام لاھىيەسىدە دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى چەتئەللىكلەرنىڭ پائالىيەتلىرىگە قارىتا چەكلىمە قويۇش تەلەپ قىلىنغان. بۇنىڭدىكى ئاتالمىش سەۋەب «دىنىي ئەسەبىيلىك»نى چەكلەش ۋە دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ «خىتايدىكى ئېتنىك بىرلىككە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش» ئىكەن.

تەييارلىغۇچى: ھېكمەتيار ئىبراھىم


لۇئىزا گرېۋ
يىللاردىن بېرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋازى بولۇپ كېلىۋاتقان، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى يېتەكچىسى لۇئىزا گرېۋ خانىم


ئۇيغۇرلار
The Uyghurs
ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى
The Magazine of the Uyghur Culture and Survival
@ Venuvos
ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ زور بايلىقى ئەركىنلىك. بۇنىڭ ھېسابى بىزدىن چوقۇم سورىلىدۇ.